# تۆت خەلىپىنىڭ تەرجىمىھالى

ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

مۇندەرىجە

تەرجىماندىن.............................................5
كىرىش سۆز ..........................................10
بىرىنچى خەلىپە ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ........15
ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ..........16
ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۈپەتلىرى................17
ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەۋمى ئالدىدىكى مەرتىبىسى 18
ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىمانى...................19
ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دىن ئۈچۈن كۆرسەتكەن پىداكارلىقلىرى ....................................24
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باشقىلاردىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە قىلغان ئىشارەتلىرى ..........27
ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىلىكىگە قانداق تاللاندى؟..............................29
خەلىپىنىڭ خەلىپىلىكىگە ئايرىپ بېرىلگەن مال توغرىسىدا....34
ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پائالىيەتلىرى........35
ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېسەل بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتى ..........................................................44
ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ....46
ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ......................47
ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ سۈپەتلىرى.............................49
ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قەۋمى ئالدىدىكى مەرتىبىسى ...............51
ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئىمانى.................................51

هەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھەيۋىتى ........................... 53
هەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھەقتە چىڭ تۇرۇشى ..................... 54
هەزرىتى ئۆمەرنىڭ پىكرىنىڭ قۇرئان كەرىمگە مۇۋاپىق كېلىشى . 56
ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپەلىكنى تاپشۇرۇۋېلىشى ................................. 59
ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك باياناتى 62
ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەمىلىي پائالىيەتلىرى ............................................. 63
ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچرىشى ............................................. 74
ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ..... 79
هەزرىتى ئوسماننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ..................... 80
هەزرىتى ئوسماننىڭ سۈپەتلىرى .......................... 80
هەزرىتى ئوسماننىڭ دىن ئۈچۈن كۆرسەتكەن پىداكارلىقى...... 81
خەلىپىلىك ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قانداق كېلىپ قالدى؟ . 83
ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپە بولۇشى توغرىسىدىكى گۇمانىي قاراشلار ۋە ئۇنى رەت قىلىش ...................... 85
ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىگە سەۋەب بولغان پىتنە توغرىسىدا ........................................ 87
سەئىد ئىبنى ئۆمەرنىڭ پىتنە توغرىسىدا ۋە هەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ خۇلاسىسى ............................................ 95
ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدىكى ئەمىلىي

پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىملىرى..............................105
تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھۇ
(ئاللاھ بۇ كىشىنىڭ جامالىنى ئۇلۇغ قىلسۇن) ..............110
ھەزرىتى ئەلىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى......................111
ھەزرىتى ئەلىنىڭ سۈپەتلىرى ............................111
ھەزرىتى ئەلىنىڭ پەزىلىتى ..............................114
ھەزرىتى ئەلىنىڭ دىن ئۈچۈن كۆرسەتكەن پىداكارلىقلىرى ....115
خەلىپىلىك ھەزرىتى ئەلىگە قانداق كېلىپ قالدى؟ ...........116
ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ
قاتىللىرىغا تۇتقان مەيدانى ..............................119
ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىسىدىكى زەنجىرسىمان
پىتنىنىڭ داۋاملىشىشى....................................121
ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى
126.........................................................
ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى قىلىنغان مەسلىھەت ۋە ئۇنىڭ
خۇسۇمەتچىلىرى ..........................................129
ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھۇنىڭ شېھىت
بولۇشى ..................................................131
ھەزرىتى ئەلىنىڭ قاتىلى بولغان ئابدۇرەھمان ئىبنى مۇلجەمنىڭ
ئاقىۋىتى .................................................133
ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش مەسىلىسىدە توختىلىپ
ئۆتۈش....................................................134
بىرلىكنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە مۇسۇلمانلار سۆزىنىڭ بىرلىشىشى

........................................136

ئاخىرقى سۆز ........................................139

پايدىلانغان كىتابلار ........................................144

www.uyghurkitap.com

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

## تەرجىماندىن

ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ ئۆز ئەقىدىسى، ئېتىقادىنى قۇرغان ۋە ئۇنىڭغا ياردەمدە بولغان پىداكار شەخسلەرنىڭ تارىخى تەرجىمىھاللىرىنى بىلىشى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆز ئەقىدىسىنىڭ قايسى ئۇسۇل، قايسى ھالدا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆزىنىڭ قانداق چارە تەدبىر قىلغاندا ۋۇجۇدىدىكى ئېتىقادىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشى، ئاشۇ ئۇلۇغ ئەجدادلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئۇلارغا ۋارىس بولۇشنىڭ يولىنى تۇتۇشى ۋە شۇ ھەقتە ئىزدىنىشى زۆرۈر بىر مەسىلە ئەلۋەتتە.

قولىڭىزدىكى بۇ كىچىك دەرسلىك كىتابچىدا مۇقەددەس ئۇلۇغ دىنىمىز ئىسلامنىڭ پەيغەمبەر ئەلچىسى ئۇستاز، يولباشچىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى خۇلەفائىرراشىدىنلارنىڭ، يەنى تۆت خەلىپەنىڭ تەرجىمىھاللىرى ناھايىتى ئىخچام، روشەن، ئىشەنچلىك ھالدا بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئورۇنباسار بولغان بۇ تۆت خەلىپىنىڭ (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ئاددى بىر سەۋىيىدىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا بىر مەزگىل تۇرۇشى بىلەنلا ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل، ئالىي سەۋىيىلىك بولۇپ يېتىشىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقادى، سىياسىي، مەمۇرى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادى ھەر تەرەپلىمە كۆرسەتمىلىرىنى ۋەھىيگە ئۇيغۇن، توغرا ھالدا ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىدە جارى قىلىپ، ھەر قانداق ئىشلاردا ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتىگە كۆيۈنۈپ، ئۇنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، بىر تەرەپتىن ئاتاقلىق رەھبەر، بىر تەرەپتىن قۇماندان، يەنە بىر تەرەپتىن

ئالىم، ھەمىشە تەقۋادار ھالەتلىرىنى باشتىن ـ ئاياغ ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ قىلىپ، پەيغەمبىرىمىز جەننەت بىلەن خەۋەر بەرگىنىگە لايىق ھالدا ياشىغانلىقلىرى، ئۆز ھاياتىدا جان ـ مالىلىرىنى دىن يولىدا پىدا قىلىپ، ھەممە ئىشلىرىدا ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن خالىس ئەمەل قىلىپ، ئۈممەتنىڭ ھەقىقىي يولباشچىسى سۈپىتىدە دۇنيادىن ئۇلۇغلۇق بىلەن كەتكىنىگە قەدەر كۆرسەتكەن پىداكارلىقلىرى، ئاجايىب تۆھپىلىرى، ئىسلام ئالىمىگە كۆرسەتكەن تەڭداشسىز خىزمەتلىرى، دىن ئۈچۈن مەيدانغا كەلتۈرگەن بۈيۈك مەسئۇللۇق ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرى ھەققىدە قانائەت قىلغۇدەك بىر نەرسە دېيىش ئۈچۈن نەچچە جىلد كىتابلارنى يېزىش كۇپايە قىلمايدۇ دېيىلسە مۇبالىغە بولماس.

قۇياش ئەكسىنى تامچە سۇدىمۇ كۆرسىتەلىگىنىدەك بولغانىدەك بۇ كىچىك دەرسلىكتە ئۇلارنىڭ دىن يولىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى، خەلپىلىك دەۋرى، بەزى پائالىيەتلىرى قاتارلىقلاردىن بىر قەدەر چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

ھەقىقەتكە ۋە ھەقىقەتچىلەرگە قارشى كىشىلەر دۇنيادىن پەقەتلا يوق بولۇپ كەتسە، ھەقىقەت ئىگىلىرىنىڭ ھەقىقەتكە بولغان ئىرادىلىرى تاۋلانمايدۇ، ھەمدە ھەقىقەتچىلەرگە ۋارىس بولغانلارنىڭ ھەقىقەت يولىدا كۈرەش قىلىش روھى تولۇق يېتىشمەي قالىدۇ. شۇڭا دۇنيادا ھەقىقەت دۈشمەنلىرىنىڭ ھەمىشە ھەقىقەتچىلەر بىلەن بىرگە ياشىشى، ئۇلارغا كۈچى يەتكىچە زەھەرخەندىلىك قىلىشى ئاللاھنىڭ دۇنيادىكى قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى بولسا كېرەك. ئاللاھنىڭ قانۇنىدا ئۆزگىرىش تاپالمايسەن.

بۇ ئۇلۇغ تۆت خەلىپىنىڭ بولۇپمۇ كېيىنكى ئىككى خەلىپە (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ھەققىدە تارىختا ئۇيغۇن بولمىغان بەزى سۆزلەر ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئاز ـ ئازدىن مۇسۇلمانلار ئارىسىغا رومان، پوۋېست، تارىخ نامى بىلەن كىرگۈزۈلگەن. شۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپ بورۇنمۇ بار ئىكەنلىكى دېگەن قاراش مەيدانغا كەلتۈرۈلۈپ، مۇسۇلمانلار ئىختىلاپتىن، بۆلۈنۈشتىن قورقمايدىغان بولۇپ كېتىشى ۋە باشقا مەقسەتلەر مەقسەت قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com

ئەلۋەتتە ئەقىلدىن كىچىككىنە بەھرىسى بار كىشىلەر بۇ زاتلارنىڭ ھەققىدە ئۆسەك گەپلەرنى قىلىشتىن ياكى شۇنداق سۆزلەرگە ئىشىنىشتىن ئۆزىنى پاك تۇتىدۇ. ئۇلاردا شەخسىيەتچىلىك دېگەن نەرسىدىن قىلچىلىكمۇ يوق ئىكەنلىكى، ئۇلار ھەر قانداق ئىش قىلسا ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىدىغانلىقى، مۇتەئەسسىپ تارىخچى ۋە يامان غەرەزلىك ئادەملەرنىڭ دېگەن سۆزلىرى ۋە ئويدۇرۇپ چىقارغان پاكىتسىز تارىخلىرىدىن پاك ئىكەنلىكى قۇياشتەك روشەن بىر ھەقىقەتتۇر. بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەننەت بىلەن خەۋەر بەرگەن، شۇنداقلا بىز مۇسۇلمانلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئەگىشىش ئۈلگىمىز بولغان ئۇلۇغ ساھابىلەردۇر. بۇ ۋاقىتقا قەدەر بۇ ھەقتە مۇكەممەل بىر تارىخ ئوتتۇرىغا چىقمىدى. بىزلەرگە يەتكىنى پەقەت ئىختىلاپنى مەركەز قىلغان بىر ئىككى پارچە پوۋىست ئاساسىدىكى ئەسەر بولدى خالاس. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب مەشھۇر تارىخ كىتابلىرىدىن قىرىقتىن ئارتۇق ئىشەنچلىك تارىخ كىتابلىرىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنى مۇتلەق ئىشەنچكە ئىگە دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ كىتابنىڭ توغرا، ئىشەنچلىك بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىخچام بولۇشى بۇ كىتابنىڭ ئۆز تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنىشىغا سەۋەب بولدى. تەرجىمە قىلىشتا ئەسلى مەنىسى ئاساس قىلىنىپ، ئىمكانقەدەر سۆزمۇ ـ سۆز تەرجىمە قىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. ئىستىداتلىق دىنىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلدى. شۇنداقتىمۇ خاتالىقتىن خالىي ئەمەس. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بولۇپمۇ دىنىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇپ خاتا جايلىرىنى تۈزىتىپ قويۇشلىرى ئۈمىد قىلىنىدۇ. كىتابنىڭ بەزى جايلىرىغا قوشۇمچە ئىزاھات بېرىلدى. تەرجىمە قىلغۇچى تەرەپتىن بېرىلگەن ئىزاھات «ت» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلەندى. ئەسلىي نۇسخىسىدىكى ئىزاھات «ت»سىز ئۆز ئەينى تەرجىمە قىلىندى. ئوقۇغۇچىلاردىن بۇ كىتابنىڭ تەلۋى شۇكى مۇختەدالىرىمىزنىڭ پائالىيەتلىرىدىن ئۆگىنىپ، دىن ئۈچۈن قۇرۇق قايغۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى شۇلاردەك پۈتۈن ھاياتى بىلەن، ھەممە نەرسىسى بىلەن قايغۇرماق كېرەكلىكى ئەستىن كۆتۈرۈلمىگەي.

ئەي قۇدرىتى چەكسىز پەرۋەردىگار! بىز مۇسۇلمانلارنىڭ تىلىمىز بىلەن

دىلىمىزنى بىردەك قىلغىن. قۇرئان كەرىمنى چىن قەلبىمىزدىن سۆيىدىغان، ھەممە ئىشىمىزدا قۇرئاننى ئۇستاز قىلىدىغانلاردىن قىلغىن. دىن ئۈچۈن قايغۇرۇش روھىنى ئاتا قىلىپ، شەخسىيەتچىلىك قارىشىمىزدىن يىراقلاشتۇرغىن، ھەممە ئىشنى سىنىك رازىلىقىڭ ئۈچۈنلا قىلىدىغانلاردىن قىلىپ، رىياكارلىقتىن ساقلىغىن. ئامىن.

www.uyghurkitap.com

## قوغلاندى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

شەك ـ شۈبھىسىزكى جىمى ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇركى، بىز ئۇ زاتقا ھەمدۇ سانا ئېيتىمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايمىز، ئۇنىڭدىن گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشنى ۋە بىزنى توغرا يولغا باشلىشىنى سورايمىز، نەپسلىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ۋە ئىشلىرىمىزنىڭ ناچارلىرىدىن ئاللاھ بىلەن پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ كىمنىكى توغرا يولغا باشلايدىكەن ئۇنى ئازدۇرغۇچى يوق. ئاللاھ كىمنىكى ئازدۇرىدىكەن، ئۇنى توغرا يولغا باشلىغۇچى يوق. ئاللاھدىن باشقا قۇلچىلىق قىلىشىمىزغا ھەقلىق بولغۇچىنىڭ يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تارىختا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى ھىدايەت ۋە توغرا دۇنيا قاراش بىلەن گەرچە مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ دىنىنى بارلىق دىنلارغا غالىب قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق ئېيتىمەن. ئاللاھ بىزنىڭ سەييىدىمىز بولغان، جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ سەييىدى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇ كىشىنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلارغا ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن قىيامەتكىچە ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت قىلسۇن.

# كىرىش سۆز

ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇشنىڭ دەسلىۋى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن بولغان، پەيغەمبىرىمىز بۇ دۆلەتنىڭ ئۇل ئاساسلىرىنى قۇرۇپ ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ:

«بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.» (سۈرە مائىدە **3** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

دېگەن گۇۋاھلىقىغا ئاساسەن ھىجرەتتىن كېيىن **10** يىل جەريانىدا تاكامۇللاشقان شۇ دۆلەتنىڭ قانۇن ـ ئىنتىزاملىرىنى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى يولغا قويۇپ بەرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ئۇلار ئۆزىدىن كېيىن مۇستەھكەم تۇتسا ھەرگىز ئازمايدىغان ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدىن ئىبارەت ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ قويىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ ئىسلام دۆلىتىنىڭ مەسئۇلىيىتىگە ئۆز ساھابىلىرىنىڭ (ئۇلارغا ئاللاھنىڭ رازىلىقى بولسۇن) ياخشىلىرى بۇندىن كېيىن ئىگە بولالايدىغانلىقى ئۈچۈن ھىجرەتنىڭ **11** ـ يىلىدا رەببى ئەززەۋەجەللەنىڭ دەرگاھىغا ئىختىيار ئەتتى. ئۇلار ئامانەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالدۇ. قايسى ئامانەتنى بولسۇن؟ چوقۇمكى بۇ ئامانەت مۇشۇ يېڭى دۆلەتنىڭ ئەھۋاللىرىنى پىلانلىق باشقۇرۇشتىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاغا ئورۇنباسار بولۇشتىن ئىبارەت ئورۇنباسارلىق، خەلىپىلىك مەسئۇلىيىتى ۋە ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇشتىكى ئامانەتتۇر. خەلىپە بولغان كىشى بۇ دۆلەتنى ئۇنى قۇرۇشتىكى ئاساسى مەقسەت بولغان نىشانلارنى ئەمەلىلەشتۈرۈش تەرىپىگە ماڭدۇرىدۇ. بۇ نىشانلارنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنى ئەمەلىلەشتۈرۈش، ئىسلام دەۋىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇ دەۋەتنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر.

www.uyghurkitap.com

توغرا، ھەقىقەتەن بۇ مۇھىم ئىش غايەت قىيىنچىلىق ئىچىدە بولۇپ، پىتنىلەر، تۇسالغۇلار زۇلمەتلىك كېچە پارچىسىغا ئوخشاش كەينى ـ كەينىدىن ئەگىشىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ساھابىلىرىغا ئۇزۇنغا قالماي مىراس قالدۇرىغان مۇشۇ مەسئۇلىيەتنىڭ كاتتىلىقىنى تامامەن بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسئۇلىيەتكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناسىپ تەييارلىقنى تەييارلىغانىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ تەييارلىقلار ئادەملەردىن ئىبارەت بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۆز قولى بىلەن پەيغەمبەرلىك قۇچىقىدا ئۆستۈرۈپ چىقتى. نەتىجىدە ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتكەن يولىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ يولى بويىچە مېڭىپ، ئۇنىڭ قەدىمىدىن ئىزمۇ ـ ئىز ماڭدى. دېمەك ئۇلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئورۇنلىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىلەشتۈرۈشتە نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قازاندى. ھەمدە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆرسىتىپ بەرگەن يولنى كامالەتكە يەتكۈزدى. يۇقىرىقىدەك يۈكسەك غەلىبە ۋە مۇستەھكەم بىنا بىلەن، يەنى پەيغەمبىرىم قۇرۇپ بەرگەن ئىسلام دۆلىتىنى ۋە ئۇنىڭ غەلىبە قىلىپ نەتىجە قازىنىشى بىلەن تۇرۇپ ھەقىقەتەن ھاياتنىڭ سۈزۈكلۈكتىكى كىرلىرىدىن خالىي بولالماي كەلدى.

زاماننىڭ ھەرىكىتى ئازادە ۋە قىستاڭچىلىقتىن خالىي بولالمايدۇ. دېمەك ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش زېمىن يۈزىگە مەخلۇق پەيدا بولغاندىن ئىتىبارەن مەۋجۇت بولۇۋاتىدۇ ۋە مۇشۇ كۈرە ئاللاھ زېمىننى ۋە زېمىن ئۈستىدىكى كىشىنى تاپشۇرۇپ ئالغانغا قەدەر قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ خەلىپىلەرنىڭمۇ شۇنداق كۈرەشكە ھەقنى باتىل ئۈستىدىن نۇسرەت تاپقۇزغانغا قەدەر توگىشى لازىم بولىدى. ئەمىلىيەتتىمۇ ئۇلارنىڭ بۇ مەقسىدى ئەمەلگە ئاشتى. ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۇلارغا بولسۇن. تارىخ ھادىسىلىرى كۆزلەرگە ھەرقانچە ئاشكارا بولسىمۇ ئۇنىڭ بەزى تەرەپلىرىدە بىرەر مەخپىيەتلىك قىلىپ قىلىشتىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. ھەممىسى مەخپىيمۇ ئەمەس. مانا مۇشۇنداق مەخپىيراق قىلىپ قالغان تەرەپلەر تارىخچى تەھلىلچىلەر چوڭقۇر چۆمگەن مەيداندۇر. تارىخچىلارنىڭ ئەقىللىرى پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئەقىللەرنىڭ تارىخ

ئىشلىرىغا نەزەرىيە قارىشىدا ۋە ئۇ تارىخنى چۈشەندۈرۈشىدە ئوخشاشمىغانلىقى نەتىجىسىدە، ئوخشاشمىغان، بىر ــ بىرىگە پەرقلىق بولغان نەتىجىلەرنى چىقىرىشى تەبىئىي ئىش. لېكىن ئىش بۇ مەسىلىدە تارىختىن ئوخشاشمىغان يەكۈنلەرنى چىقىرىشتىن توختاپ قالماستىن بەلكى كۆپ تارىخ ھادىسىلىرىنى ئىسلامغا ھۆججەت قىلىش ئاساسىدا ۋە ئورونسىز ھالدا نىشانلىق چۈشەندۈرۈش ھالىتىگە ئۆتتى. بۇ يامان غەرەزدىكى ئەھۋال ئىسلام ئوبرازىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبەرلىرى، ئۆلۈغ كاتتىلىرى ۋە ئالىملىرىنىڭ ئوبرازىنى سەتلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بىر زەنجىرسىمان ھالقا بولۇپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۈممەتنىڭ ئۆز رەھبەرلىرىگە بولغان ئىشەنچىسى داۋالغۇپ قالىدۇ ــ دە، تارىخ بۇرمىلىغۇچىلارنىڭ مۇشۇ مەقسىتى ھاسىل بولۇپ قالسا جەزمەن ئۇلار ئۈممەتنىڭ ھاياتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللىرىدا يولباشچى قىلىشقا مۇمكىن بولىدىغان ئەملىي بارلىققا ئىگە جانلىق نەمۇنىلەر مەۋجۇدىيىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. بۇ جايدا يەنە بىر نىشانمۇ بار، بۇ نىشان كىشىلەرنى «ئىسلام ئەملىي بىر شەكىلگە تەدبىقلانغان ئەمەس، ھەتتا خۇلەفائىرراشىدىن زامانىسىدىمۇ تەدبىقلانمىغان، بۇ ئىسلام نەزەرىيە تەرەپتىن قوبۇل قىلىنىدىغان دىن ۋە قانۇندىن، شەرىئەتتىن ئىبارەت بولىسىمۇ، لېكىن ئەملىي تەرەپتىن ئۇنداق ئەمەس» دېگەنلەرگە قانائەت قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. شەرق تەكشۈرگۈچىلەر ئۆزىنىڭ يازغان تارىخلىرىدا كۆپىنچە يۇقىرىقى ئىككى نىشانغا مەركەزلەشسە كېرەك. بۇ بالايى ئاپەتلەر مۇشۇ دائىرىدە توختاپ قالسىچۇ كاشكى. لېكىن بۇ تارىخ ئىش بۇلارنىڭ قولىدا شاگىرت بولۇپ ۋە كىتابلىرىنى پايدا ــ زىياننى، توغرا ــ خاتانى ئايرىماستىن ئوقۇپ چىققان مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرىغا ئۆتتى. نەتىجىدە مۇسۇلمان بالىلىرى ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى ئاساسلىق باش مەنبە، ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتۈن سۆزلەرنى خۇددى **چكيم، چميد** بولغان ئاللاھ تەرەپتىن چۈشۈرۈلگەندەك ھېسابلايدىغان بولۇشتى. ھەمدە بۇ تارىخ مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈشتە توغرا ئۇسۇل ۋە ئاساسلىق مەزمۇنلارغا كىشىلەرنى يىراقلاشتۇرۇشقا ۋە ئەزىيەت بىرىشتە چوڭقۇرلىششى ئۈچۈن ئۇلار راستىنلا ئۆزىنىڭ كۆڭۈل خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن بولىدىغان رىۋايەتلەرنى ھازىر قىلىشتا داۋاملىشىپ،

www.uyghurkitap.com

ئۆز مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن بولمىغان يەنە باشقا رىۋايەتلەرگە كۆز يۇمۇۋالىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن پروگراممىلىق دەرسكە ئوخشاش بۇ كىتابچىنى ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ يولىغا ئاساسەن رىۋايەتلەرنى سۈزۈش، بولۇپمۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھالاك قىلغان پىتنىگە ئالاقىدار بولغان رىۋايەتلەرنى سۈزۈش خىزمىتىنى بۇ كىتابچىدە ئىشلىگەن ھالدا كىتابخانغا تەقدىم قىلىشنى توغرا تاپتىم. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ھەقىقەتەن قەدىمقى ۋە يېقىنقى تارىخچىلارنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتىكى قوزغىلاڭنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پىتنە ئوتىنى يالقۇنلىتىش ئارقىسىدا مەخپىي قولىنىڭ بار ئىكەنلىكىدە بىردەك پىكىرگە ئىگە بولىسمۇ، لېكىن ئۇلار شۇ مەخپىي قولنى چۈشۈندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ كەيپىتىنى، مەقسەت نىشانىنى ئۆلچەشتە ئوخشاشمىغان پىكىردە بولۇۋاتىدۇ. دېمەك ئۇلارنىڭ بەزىسى بۇ قولنى ساھابىلەرنىڭ (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ئەلى، تەلھە، زۇبەيدە ۋە ئائىشە (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) قاتارلىقلارنىڭ قولى بار دەپ قارايدىغانلىرىمۇ بار. بۇ كۆز قاراش بولسا شەرق تەكشۈرگۈچى، غەربلىكلەرنىڭ ۋە ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئاساس قىلىدىغان قارىشىدۇر. تارىخچىلاردىن بۇ قولنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ساباھ ئىسىملىك بىر يەھۇدىينىڭ قولى دەپ قارايدىغانلىرىمۇ بار، ھەقىقەتەن مەن ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن مۇشۇ ئىككىنچى قاراشنى ئىسپاتلاشقا قادىر بولدۇم. شۈبھىسىزكى سىز كۆرىۋاتقان مۇشۇنىڭدىن باشقا رىۋايەتلەر رىۋايەت قىلىنىش جەھەتتىن ئۇزۇك بولغان رىۋايەتلەردۇر. بۇنداق رىۋايەتلەر داۋالغۇپ قالغان جەھەتتىن ئىشەنچىسىز، ئاجىز بولغان جەھەتتىن بۇنى ئاساس قىلغىلى بولمايدۇ ۋە بۇنداق رىۋايەتنىڭ تارىخ تەكشۈرگۈچى قانائەت قىلىدىغان توغرا سۈرەتنى بىزگە بىرەلىشىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ.

گەپنىڭ خۇلاسىسى، جەزمەن بۇ دەرسلىك كىتابنى مەن خۇلەفائىرراشىدىنلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىملىرىنى ھەدىس ئۆلچىمى ئاساسىدا، مۆتىۋەر رىۋايەتلەرنىڭ نۇرى ئاستىدا مۇكەممەل، تولۇق سۈرەتلەپ بېرىش بىلەن بىرگە ئىخچام قىلىشتىكى يولنى ئاساس قىلغان ھالەتتە قىسقا قىلىپ چىقتىم. ئوخشاشمىغان پىكىرلەرنى ۋە ئۇنداق

پىكىرلەرنى رەت قىلىشنى كۆپىنچە ھالدا توغرا سۈرەتلەرنى كەلتۈرۈشكە قائىنەت قىلغانلىقىم ۋە مۇشۇ توغرا سۈرەتلەپ بېرىلگەنلەردىن باشقا مەسىلىلەرگە نەزەر سېلىش ۋە ئۇنىڭدىن نەتىجە چىقىرىشنى ئۇممەتلەرنىڭ زېرەكلىرىگە، ھوشيارلىرىغا قالدۇرۇپ قويغانلىقىم ئۈچۈن سۆزلىمىدىم. ئاخىرىدا مەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ خەۋەرلىرى ۋە تەرجىمىھاللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا مۇۋەپپەقىيەت بىرىلىشىمنى ۋە ئۇلارنىڭ زامانىسىدا ھاسىل بولغان پىتنە ۋە ھادىسىلەرنىڭ مۇھىملىرىنى ئاساسلىق شەكىل بىلەن، پاكىت دەلىل بىلەن سۆزلەپ ئۆتۈشنى ئۈمىد قىلىمەن، ئاللاھ خالىسا. چوقۇمكى ئاللاھ مەقسەتلەرنى بىلگۈچىدۇر.

# بىرىنچى خەلىپە ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئابدۇللا بولۇپ ئەبۇ قۇھافەنىڭ ئوغلىدۇر، ئەبۇ قۇھافەنىڭ ئىسمى ئوسماندۇر، ئوسمان ئامىرنىڭ ئوغلى، ئامىر ئەمرىنىڭ ئوغلى، ئەمر كەئبەنىڭ ئوغلى، كەئبە سەئدەنىڭ ئوغلى، سەئدە تەيمىنىڭ ئوغلى، تەيمە مۇررەنىڭ ئوغلىدۇر. ئەبۇكرىنىڭ ئانىسىنىڭ كۇنيىتى ئۇممى خەيرى بولۇپ ئىسمى سەلمادۇر، سەلما سەخرەنىڭ قىزى بولۇپ، سەخىر ئامىرنىڭ ئوغلى، ئامىر ئەمرىنىڭ ئوغلى، ئەمىر كەئبەنىڭ ئوغلى، كەئبە سەئدەنىڭ ئوغلى، سەئدە تەيمىنىڭ ئوغلى، تەيمە مۇررەنىڭ ئوغلىدۇر.

بۇ كىشى سىددىق (بەك تەستىق قىلغۇچى)، ئەتىق (ئازات بولغۇچى)، چىرايلىق، ياخشى بولغۇچى ۋە ئەۋۋاھ (ئاھ چەككۇچى)، مېھرىبان دېگەن لەقەملەر بىلەن ئاتىلاتتى.

ئەمما بۇ كىشىنىڭ سىددىق دەپ ئاتىلىشى بولسا بۇ كىشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز رەببى تەرىپىدىن خەۋەر قىلغان ھەر قانداق ئىشنى تەستىق قىلىشقا بەك ئالدىرايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئىبنى سەئىد رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىسمى بىلەن قوشۇپ ئەبۇ ھۇرەيرە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىدۇ: ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «مېنى بەيتۇلمۇقەددەسكە ئاپارغان كېچىدە مەن جىبرىئىلغا: شۇبھىسىزكى مېنىڭ قەۋمىم مېنى تەستىق قىلمايدۇ دېدىم. جىبرىئىل ماڭا: سېنى ئەبۇ بەكرى تەستىق قىلىدۇ. ئەبۇ بەكرى بولسا سىددىقتۇر دېدى.»

ھىشام ھەسەن بەسرىدىن مۇرسەل تەرىقىسىدە تۆۋەندىكى ھەدىسنى رىۋايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىگە بەيتۇلمۇقەددەسنى سۈپەتلىگەن ۋاقىتتا، ئەبۇ بەكرى: راست سۆزلىدىڭ، مەن چوقۇم سېنىڭ

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق ئېيتىمەن دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىگە بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ سۈپەتلىرىنى سۆزلەپ بىرىۋىدى، ئەبۇ بەكرى: راست سۆزلىدىڭ، مەن چوقۇم سېنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق ئېيتىمەن دېدى. ھەتتاكى سۆز تۈگىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەبۇ بەكرى سەن سىددىقتۇرسەن» دېدى. شۇ كۈندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى سىددىق دەپ ئاتىغاندى. مۇشۇ ئىككى رىۋايەت ئوتتۇرىسىدا بىز مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدەك زىتلىق يوق. چۈنكى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەبۇ بەكرىنىڭ ئورنىنى، مەرتىۋىسىنى خەۋەر قىلدى. مۇشۇ خەۋەر قىلىنغان ئەبۇ بەكرىنىڭ ئورنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بەيتۇلمۇقەددەسنى سۈپەتلەپ ئۇنىڭ خەۋەرلىرىنى خەۋەر قىلغىنىدا ئەمەلىيەتكە ئاشتى.

بۇ كىشىنىڭ ئەتىق دەپ ئاتىلىشىغا كەلسەك، بەزىلەر: ئەتىق دېگەن چىرايلىق ۋە سېخىيلىقتا، ياخشىلىقتا غايەتكە يەتكەن مەنىسىدە دەيدۇ. بەزىلەر ئىبنى سەئىد ئائىشە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن نەقلى قىلىپ سۆزلىگىنىگە ئوخشاش بۇ نامنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىگە لەقەم قىلغان دەيدۇ. ئائىشە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن نېمە جەھەتتىن ئەبۇ بەكرى ئەتىق دەپ ئاتالدى دەپ سوئال سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ بۇ ئاللاھنىڭ دوزاختىن ئازات قىلغان بەندىسىدۇر» دېگەن ئىدى دەيدۇ.

ئەمما ئۇ كىشىنىڭ ئەۋۋاھ دەپ ئاتىلىشى بولسا ئۇنىڭ دىلى يۇمشاق ۋە رەھىمدىل بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

## ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

تارىخچىلارنىڭ بەزىسى دەسلەپ مۇسۇلمان بولغان كىشى ئەبۇ بەكرى دەپ قارايدۇ. ھەمدە ئىبنى سەئىد بىر بۆلۈك ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇلار مۇنداق دېدى: «دەسلەپ مۇسۇلمان بولغان كىشى ئەبۇ بەكرى

سىددىقتۇر». لېكىن ئىبنى ھىشام ئەبۇ بەكرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ۋە زەيد ئىبنى ھارىسەدىن كېيىن دەپ سانايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بالاغەتكە يەتكەن ھۆر ئادەملەردىن دەسلەپ مۇسۇلمان بولغىنى ئەبۇ بەكرى، كىچىك باللاردىن دەسلەپ مۇسۇلمان بولغىنى ئەلى ۋە قۇللار ئىچىدىن دەسلەپ مۇسۇلمان بولغىنى زەيد ئىبنى ھارىسە دېگىنىمىز ئەڭ ياخشى (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن).

شۈبھىسىزكى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى بەك تېز ئىجابەت قىلىدىغان كىشى ئىدى. ئىبنى ھىشام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ، ھەققەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «مەن ھەر قانداق ئادەمنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغاندا شۇ ئادەمدە توختاپ قېلىش ۋە ئويلاپ بېقىش، ھەمدە ئىككىلىنىپ قېلىش بولدى، لېكىن بۇنداق ئەھۋال ئەبۇ بەكرىدە بولمىدى. مەن ئۇنىڭغا ئىسلامنى سۆزلىگەندە ئۇ ئىسلامدىن يالتايمىدى ۋە بۇ توغرىدا ئىككىلىنىپمۇ قالمىدى.»

## ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۈپەتلىرى

### 1. تەن قۇرۇلۇش سۈپەتلىرى

بۇ كىشىنىڭ قىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئاق پىشماق، ئورۇق، ئىككى مەڭزى گۆشسىز، ئالدىغا ئىگىلەڭگۈرەك، ئورۇقلۇقى قاتتىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىشتان باغلايدىغان ئورۇندا بوش كېلىپ قېلىپ ئىشتىنىنى توختىتالمايدىغان، يۈزىنىڭ گۆشلىرى ئاز، ئىككى كۆزى سەل چوڭقۇرراق، پېشانىسى دۇقراق، بارماقلىرى تۈكسىز كىشى ئىدى.

### 2. ئەخلاقى سۈپەتلىرى

ئۇ كىشىنىڭ ئەخلاقى سۈپەتلىرىگە كەلسەك، ئۇنى بىرمۇ بىر ساناش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا ئۇ كىشى ھەقىقەتەن سىددىق، رەھىمدىل، ھاياسى كۈچلۈك، بەك پەرھىزكار، رەھىمدىل بولۇش بىلەن بىرگە كەسكىن ئىدى.

ئۇ تىجارەتچى بولۇپ ئۆزىنىڭ شەرەپ ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ساقلايتتى ۋە ئىقتىسادى، ئىززەت ـ ئابروي ۋە ئەخلاق جەھەتتە باي ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ ھاياتى ۋە ئەقلى سالامەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشى توغرىسىدا ھاراق ئىچكەنلىك ۋە بۇتلارغا چوقۇنغانلىق توغرىسىدا ھېچقانداق ئەسەر قالدۇرۇلمىدى (يەنى ئۇنداق ئىشنى ئۇ كىشى قىلمىدى)، بەلكى بۇنداق ئىشتىن ئۇ كىشى بىزار ئىدى. ئۇ كىشىدىن يالغان ئېيتقانلىق ئەسەر قالدۇرۇلمىدى، بەلكى ئۇنىڭ توغرىسىدا پاكىز ئەخلاق ئەسەر قالدۇرۇلدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەستىق قىلغۇچى بەك كۈيۈمچان كىشى ئىدى. مۇشۇنداق ھەمراھلىق سىرتقى كۆرۈنۈشلەردە ۋە ئىلىپ ماڭغا يولىنىڭ گۈزەللىكىدە رەسۇلۇللاھقا يېقىن بولغانلىقى تۈپەيلىدىن بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. ھەقىقەتەن ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈۋاھلىقىغا ئاساسەن ئالىي ئەخلاقنى ۋە ئەڭ مۇكەممەل ئىماننى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرگەنىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى مۇنداق: «ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىمانى ۋە ئۇممەتنىڭ ئىمانى جىڭلانسا، نەتىجىدە ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىمانى ئېغىر كەلدى.»

## ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەۋمى ئالدىدىكى

## مەرتىۋىسى

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا ھەقىقەتەن قەۋمىنىڭ نەزەرىدە سۆرلۈك كىشى ئىدى. قۇرەيش قەبىلىسى ئىچىدە قۇرەيشنىڭ نەسەبلىكراقى

بولۇپ، قۇرەيشنىڭ نەسەبلىرىنى ۋە قۇرەيش ئىچىدىكى ياخشى ـ يامان ئەھۋاللارنى بەك بىلىدىغان، ھەمدە ياخشى دەپ تونۇلغان ۋە ئەخلاقلىق بولغان تىجارەتچى كىشى ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىلىملىك، مول تەجرىبىلىك ۋە مۇئامىلىسى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن قەۋم ـ قېرىنداشلىرى نۇرغۇن ئىشلاردا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ مەسلىھەت سورايتتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى ئىچىدە دىيەت تۆلەشكە مەجبۇرىيەت بولۇپ قالغانلارنىڭ ئۈستىدىكى دىيەتنى (تۆلەمنى) ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. ھەر قاچان مۇشۇنداق تۆلەمدىن بىر نەرسىنى مەن تۆلىۋېتەي دەپ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۆز ئۈستىگە ئالسا قەرز ئىگىلىرى قۇرەيشتىن بۇ توغرىلىق «تۆلىيەلەمدۇ ـ يوق» دېگەندەك سوراپ باقاتتى. قۇرەيش ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنى ماختايتتى. قەرز ئىگىلىرى ئەبۇ بەكرىنىڭ كاپالىتىنى كۈچكە ئىگە ئالاتتى. ئەگەر شۇنداق تۆلەمگە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىدىن باشقىسى ئىگە بولۇپ كاپالەت بولسا قەرز ئىگىلىرى ئۇ ئادەمگە ئىشەنمەيتتى. مانا يۇقىرىقىلار شەكسىز ھالدا ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆز قەۋمى ـ قېرىنداشلىرىنىڭ ھەر قانداق ئەھۋالىنى تەسەررۇپ قىلىشى، قەۋم ـ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنىڭ تەسەررۇپاتىنى كۈچكە ئىگە قىلىشى ۋە ئۇنى تەقدىرلىشى، ھۆرمەتلىشى جەھەتلەردە ئۆز قەۋمى قېرىنداشلىرى ئالدىدىكى مەرتىۋە، ئورنىغا دەلىل بولالايدۇ. مۇنداق ئەھۋال بولسا بىر خىسلەت بولۇپ، مۇنداق خىسلەت پەقەت بىر قەۋمنىڭ باشلىقىغا ياكى كىشىلەرنىڭ نەزىرى چۈشىدىغان مەرتىۋىدىكى كىشىلەردە بولىدۇ. دېمەك ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاھىلىيەتتىمۇ راستلا سەييىد ئىدى، ئىسلامدىمۇ سەييىد بولدى. جاھىلىيەتتە شەرەپلىك كىشى ئىدى، ئىسلامدىمۇ شەرەپلىك بولدى.

## ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىمانى

ھەقىقەتەن ساھابىلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ بەكرىدىن شىجائەتلىك ۋە ئۇنىڭدىن ئالىم كىشىلەرمۇ بار ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىمانى



www.uyghurkitap.com

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىماندىن كامىل كىشى يوق ئىدى. شۈبھىسىزكى قۇرئان كەرىم ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئەمەلىي مەيدانلىرى ئىچىدىن بىر مۇنچە مەيدانلىرىغا تۆۋەندە ئىشارەت قىلدى.

1. «(پۇل ـ مېلىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز.» (سۈرە لەيل 5 ـ 7 ئايەت)

2. «پاكلىنىش ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنى (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدىغان ئادەم ئۇنىڭدىن (يەنى ئوتتىن) يىراق قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ ياخشىلىقنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇ (يەنى ئېھسان قىلغۇچى ئادەم) (پەرۋەردىگارىنىڭ بەرگەن مۇكاپاتىدىن) چوقۇم رازى بولىدۇ.» (سۈرە لەيل 17 ـ 21 ئايەت)

3. «شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھدۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خوشال بولۇڭلار».» (سۈرە فۇسسىلەت 30 ـ ئايەت)

4. «ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (يەنى ئەبۇ بەكرى سىددىق) ھەمراھ ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (رەسۇلۇللاھ) ھەمراھىغا: «غەم قىلمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە» دەيتتى.» (سۈرە تەۋبە 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

مانا يۇقىرىقى ئايەتلەردە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھەقىقەتەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا باشقا بىرى ئىلگىرى سۈرەلمەيدىغان ئىشىنىشتە ئىشەنگەن ئىدى. ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ئىجابەت قىلىشتا شەك قىلىپ قالمىغان ۋە ئىككىلىنىپمۇ قالمىغان ئىدى. دېمەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قانداق ئادەمنى ئىسلامغا دەۋەت قىلسا ئويلىنىپ ۋە ئىككىلىنىپ قالاتتى. لېكىن بۇنداق ئىش ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىدە يوق ئىدى.

www.uyghurkitap.com

تارىخچىلار ئەبۇ بەكرى تىجارەتچى ئىدى دەيدۇ. تىجارەتچى دېگەننىڭ ئادىتى ئېھتىياتچان بولۇش بولسىمۇ، لېكىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشتا ئىككىلىنىپ قالمىدى ۋە ئۆز ئىستىقبالى ۋە تىجارىتىنىڭ ئىستىقبالىدىنمۇ ئەندىشە قىلمىدى. بەلكى ئۆزىنىڭ پۈتۈن قەستىنى بىرلا نەرسىگە توختاتتى. بۇ نەرسە بولسا ئۇنىڭ ساھىبى، ھەمراھى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەستىق قىلىش ۋە ئىمان ئېيتىش ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەسۇلۇللاھ توغرىسىدىكى شۇئارى بولسا: «مەن ئۇ كىشىگە قارىتا يالغاننى تەجرىبە قىلمىدىم» دېگەن سۆزى ئىدى. مۇشۇ ئىمان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەمەلىي مەيدانلىرىدا روشەن كۆرۈندۇ.

ئىسرا ۋەقەسىدە (پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر كېچىدە بەيتۇللاھتىن بەيتۇلمۇقەددەسكە بارغانلىق ۋەقەسى) مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەكزىب (ئىنكار) قىلىپ ۋە ئەبۇ بەكرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتىدىن يۈز ئۆرۈتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈشۈپ كىلىپ: «ساھىبىڭ مۇھەممەدنىڭ سۆزىگە قاراپ باق نېمە دەۋاتىدۇ؟» دېگەن ۋاقتىدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر رەسۇلۇللاھ شۇ گەپنى دېگەن بولسا راست دېدى. ھەقىقەتەن ئۇ ماڭا ئاسمان تەرەپتىن زېمىنغا كېچىنىڭ ياكى كۈندۈزنىڭ سائەتلىرىدە ئۆزىگە كەلگەن خەۋەرنى (يەنى ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ۋەھيىنى) ماڭا دەپ بەرسە ئۇنى راست دەپ ئىشىنىمەن. دېمەك مۇشۇ ۋەھيىنىڭ ئۇنىڭغا چۈشۈشى سىلەر ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىۋاتقان ئىسرا ۋەقەسىدىنمۇ كاتتىدۇر، مەن ۋەھيىگە ئىشەنگەن ئىكەنمەن، ئەلۋەتتە ئىسرا ۋەقەسىگە ئاللىبۇرۇن ئىشىنىمەن» دېگەن ئىدى.

بەدرى ئۇرۇشىدا ساھابىلار دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق دۇئا قىلىپ: «ئى ئاللاھ! ئەگەر مۇشۇ ئىسلام قوشۇنى ھالاك بولىدىغان بولسا سەن زېمىندا ئىبادەت قىلىنمايسەن (يەنى مۇسۇلمانلار ئۆلۈپ كەتسە ئىبادەت قىلىدىغانلار قالمايدۇ)، ئى ئاللاھ! ماڭا ۋەدە قىلغان ياردىمىڭنى بەرگىن» دەپ ھەتتاكى رىداسى چۈشۈپ كەتكەن ئىدى (بەك قاتتىق دۇئا قىلغانلىقى ئۈچۈن چۈشۈپ

كەتــكەن بولــسا كېــرەك). ئەبــۇ بەكــرى رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلـدى ۋە: «ئــى رەسـۇلۇللاھ، ئـۆزەڭگە ئېغىــر ـ بېسىق بولغىن، جەزمەنكى ئاللاھ ساڭا ئۆزى ۋەدە قىلغان نەرسىــسنى تولـۇق بەرگۈچىدۇر. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى سېنى ئـاللاھ ھەرگىــز خـار قىلمايــدۇ» دېگەن ئىدى. ھۇدەيبە كۈنىدە (ھۇدەيبە سۇلھىسى رەسۇلۇللاھ مەككىـگە ھەج قىلماقچى بولۇپ بارغانــدا مەككىنىــڭ ئـادەملىرى كىرگىلــى قويمـاي سـۇلھى تۈزگەن. شۇ سۇلھى قاتارىــدا مۇسـۇلمانلارنىڭ مەككىــگە بــۇ يىــل كىــرمەي، كېيىنكى يىلى كىرىش سۆزلەنگەن. بۇ يەردە شـۇ نەزەردە تۇتۇلــدۇ) ئاشـكارا كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمانلار كۈچلۈك ھالدا تـۇرۇپ مەككىــگە كىرىــشتىن ئـۇلارنى مەھرۇم قىلغان. مۇسۇلمانلارنى ھەقكە باسقاندەك بولغان ھېلىقــى سـۇلھىدىن كېيىن مۇسۇلمانلار پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ بۇيرۇقىغــا قارىتــا ئـۇلارنى ئىھرامدىن چىقىشقا بۇيرىغان ۋاقىتتا سـەل ئىككىلىنىــپ قېلىــپ، ھەتتـاكى ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىســسالامغا مۇنــداق دېــدى: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ھەقىقەت ئۈستىدە، ئـۇلار مۇشــرىكلار باتىــل ئۈســتىدە ئەمەسمۇ؟ بىز ھەق، بىز مۇئمىن، ئۇلار مۇشرىك ئەمەسمۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىــز دىنىمىزنى قەستەن تۆۋەنلىتىپ بېرىمىز؟ ئۇلارغا ماقۇل دەپ دىنىمىزنى تۆۋەن تۇتىمىزمۇ؟»، ئـۆمەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ ھەزرىتــى ئەبـۇ بەكرىنىــڭ قېـشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى مەككىــگە ئەكىرىــشكە ۋەدە قىلغان ئەمەسمىدى» دېدى، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئۇنىڭغــا رەسۇلۇللاھقا مۇتلەق ئىشەنگەن بىر مۇئمىننىڭ تىلى بىــلەن مـۇئمىن بولـۇش سۈپىتى بىلەن: «پەيغەمبىرىمىــز سـاڭا مۇشـۇ يىلــى كىرىمىــز دېگەنمىــدى؟ رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقىنى مەزمۇت تۇت، چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىــسىدۇر، ئۇنى ئاللاھ ھەرگىــز زايــا قىلىۋەتمەيــدۇ» دېــدى. ئەبــۇ بەكــرى رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇنىــڭ ئىمــانى كۈچلــۈك ۋە ئىشەنچىــسى چەكــسىز، ھەمــدە يــۇقىرى سەزگۈرلۈك بولۇپ، مانا بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىــسلامغا دەۋەت قىلغانــدا، ئىــسرا ۋەقەســىدە، بەدرى ۋە ئۇنــدىن باشـقا ئۇنىــڭ مەيدانلىرىــدا روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھەقىقەتەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىمانى چوڭقۇر ۋە ئالىي ئىمــان بولـۇپ، نەتىجىــدە بــۇ ئىمــان ئـۇ كىــشىگە نـۇر ۋە

ھىدايەتنى تۆكۈپ بەردى. ئۇ كىشى دۈشمەنلەرگە قاتتىق بولۇش، مۇسۇلمانلارغا يۇمشاق، رەھىمدىل بولۇشتا ۋە ئىش ـ ھەرىكەتتە ھەقىقەتەن كاتتا كىشى ئىدى. بىز بۇ كىشىنىڭ بۇنداق ئۇلۇغلۇقىدىكى مەخپىي سىرىگە تونۇشلۇق ھاسىل قىلىشنى ئىرادە قىلغان ۋاقتىمىزدا، بىز بۇ ئۇلۇغلۇق سىرىنى ئۇنىڭ كۆپ ناماز ئوقۇش، كۆپ روزا تۇتۇش ۋە كېچىلەردە ئۆرە تۇرۇپ ئىبادەت قىلىشتىن تاپالمايمىز. چۈنكى باشقىلارمۇ ئۇنىڭدەك ناماز ئۆتەيدۇ، ئۇنىڭدەك روزا تۇتىدۇ، ۋە ئۇنىڭدەك كېچىلەردە قىيامدا تۇرۇپ ئىبادەت قىلىدۇ. لېكىن ئۇ سىر يۇرەكتە، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۇرىكىدە ئورناشقان نەرسىدۇر. مانا بۇ نەرسە بولسا ئىمان قۇۋۋىتىدۇر. مانا شۇ ئىمان بىر ئىمانكى، ئەگەر ئۇنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ قەلبىدە شەكىللىك قىلىپ جىڭلانسا ھەتتاكى ئۇممەتنىڭ ئىمانىدىن ئېغىر، كۈچلۈك كېلىدىغان ئىماندۇر. مانا مۇشۇ ئىمان ھەقىقىي مۇكەممەل ئىشىنىشتىن پەيدا بولغان ئىدى. چۈنكى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز قەلبىنى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرغان ئىدى.

خۇلاسە قىلغاندا ئاللاھ تەبارەكە ۋە تائالانىڭ ھەدىس قۇددۇسىدىكى سۆزىگە ئۇ كىشىنىڭ ئىمانى توغرا كەلدى. «مەن ئۇ بەندەمنىڭ ئاڭلايدىغان قولىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن.» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى)

بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى: ئىماندا ئالىي دەرىجىگە يەتكەن مۇئمىن كۆزى بىلەن مەن رازى بولمايدىغان نەرسىنى كۆرمەيدۇ، قولى بىلەن مەن رازى بولىدىغان ئىشتىن باشقىنى تۇتمايدۇ. قولىقى بىلەن مەن رازى بولىدىغان ئىشتىن باشقىنى ئاڭلىمايدۇ. پۇتى بىلەن مەن رازى بولىدىغان يولنىڭ باشقىسىغا ماڭمايدۇ. ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز نەپسىدىن ۋە مېلىدىن ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن كېچىپ، رەببانى ئادەملەرگە ئايلاندى. ئۇ كىشىگە نەزەر سېلىڭلاركى: ئەينى چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئى رەسۇلۇللاھ! بىز كۇفرىدىن ئىمانغا پەقەت سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن چىقتۇق» دېگەن ئىدى. ئاللاھ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا

رەھمەت قىلسۇن ۋە ئۇ كىشىدىن ئاۋالقى ۋە ئاخىرقىلارنىڭ قاتارىدا رازى بولسۇن.

## ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دىن ئۈچۈن كۆرسەتكەن پىداكارلىقلىرى

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەقىقەتەن دىن يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ، پىداكارلىقتا ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىدە بولۇپ مىلنى پىدا قىلدى ۋە ئۆزىنى پىدا قىلدى. مانا مۇشۇنداق دىن يولىدا مىلنى ۋە جېنىنى سەرپ ئېتىش بولسا ئىماننىڭ تەبىئىي نەتىجىسىدۇر. چۈنكى ئىمان ئىنسانىنىڭ قەلبىنى نۇرلاندۇرغان ۋاقىتتا، ئىمان ئۇ كىشىنى ئاللاھنىڭ يولىدا كەلگەن ھەر قانداق نەرسىنى لەززەت سانايدىغان قىلىش، دىن يولىدا مال ـ مۈلۈك ۋە ھاياتىنى سەرپ ئېتىش ۋە ئۇنى بېرىش ئىماننىڭ مىقدارىغا قاراپ، ئىماننىڭ كۈچلۈك ياكى زەئىپلىكىگە قاراپ بولىدۇ. دېمەك، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۈستۈن مەقامغا يەتكەن ئىمانى ئۇ كىشىنىڭ دىن يولىدا پىداكارلىقى، مال سەرپ ئېتىش ۋە ئۇنى بېرىش جەھەتتىمۇ ئالىي مەقامغا يەتكەنلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ تۇرۇۋشى چوقۇمدۇر.

بۇ كىشىنىڭ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى مۇداپىئە قىلىش يولىدا كۆرسەتكەن پىداكارلىقلىرى جۈملىدىن شۇكى: بىر كۈنى قۇرەيش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاجاۋۇزنى (دۈشمەنلىك قىلىشنى) قەست قىلىپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن «سىلەر پەرۋەردىگارىم دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟» دېگەن ھالدا مەيدانغا چىقتى. بۇ ئىشنى كۆرۈپ ئۆلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئاداۋىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يۆتكىلىپ، ئۇنى بېھۇش بولغانغا قەدەر ئۇردى ۋە چاچلىرىنى يۇلدى. ئەبۇ

بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپلا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالى قانداق؟» دېدى. ساھابىلار: ئەھۋالى ياخشى دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتىكى: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرمىگىچە يېمەك ـ ئىچمەكنى ئېغىزىمغا ئالمايمەن. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆڭلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراپ خاتىرجەم بولغانغا قەدەر ئارام ئالمىدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ھىجرەت قىلغان ۋاقىتتا قۇرەيش بۇ ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ كەينىدىن ئىز تەكشۈرۈپ ماڭغان ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ خەۋىرىنى قىلغۇچىلارغا مۇكاپات بېرىشنى ۋەدە قىلغان ئىدى. ئەنە شۇنداق شارائىتتا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز نەپسى بىلەن پىداكارلىق كۆرسەتتى.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىگە يېتىشنى ئارزۇ قىلىپ ئۆزىنى ئۆلۈمگە ۋە ھالاكەتكە توغرا قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇشمەنىدىن يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن سەۋرى غارىغا كىرىشنى ئىرادە قىلغان ۋاقىتتا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت بولىدىغان، زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدىغان ھايۋانلارنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ غارنىڭ ئىچىگە دەسلەپ ئۆزى كىرىش توغرىسىدا مۇستەھكەم تۇرىۋالغان ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ دىن ئۈچۈن پۇل ـ مېلى ئارقىلىق كۆرسەتكەن پىداكارلىقىغا كەلسەك بۇ بەك كۆپتۇر. ھەقىقەتەن بۇ كىشى يەتتە قۇلنى ئاللاھنىڭ يولىدا سېتىۋالدى ۋە ئازات قىلىۋەتتى. بۇ قۇللارنى سېتىۋېلىش بولسا بۇلارغا بەك ئازاب ـ ئوقۇبەت يەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىدى. ھەتتاكى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئىشىغا دادىسى مالامەت قىلىپ ئۇنىڭغا: ئى ئوغلۇم، مەن سېنىڭ ئاجىز، كۈچسىز قۇللارنى ئازات قىلغىنىڭنى كۆردۈم. ئەگەر سەن كۈچتۈڭگۈر كىشىلەرنى ئازات قىلغان بولساڭ ئۇلار ساڭا ياردەملىشەتتى دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىغا ئېيتتىكى: ئى دادا، مەن پەقەت ئاللاھ ئەززە ۋە جەللەنىڭ رازىلىقىنى ئىرادە قىلىمەن.

ھىجرەت كۈنىدە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرەتنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى، غەلىبە قىلىشى يولىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن پۈتۈن مېلىنى بىرگە

ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتى تەييارلىقى ئۈچۈن چاقىرغان ۋاقىتتا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بۈگۈن مەن ئەبۇ بەكرىدىن ئېشىپ چۈشىمەن دېدى ــ دە پۈتۈن مېلىنىڭ يېرىمىنى ئەكەلدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۆيلىمىغان يەردىن پۈتۈن پۇل ــ مېلىنى ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئائىلەڭگە نېمە قالدۇرۇپ قويدۇڭ؟» دېۋىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى قالدۇردۇم دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشىنىڭ سەل ئالدىدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق سۆزىنى تەپسىلىي سۆزلەشتىن بىھاجەت قىلىپ قويىدىغان (يەنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى كۇپايە قىلىدىغان) بىر گۇۋاھلىقنى بەرگەنىدى. رەسۇلۇللاھ ئېيتتى: «ماڭا ھېچكىمنىڭ مېلى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مېلى مەنپەئەت يەتكۈزگەن نەرسىنى يەتكۈزەلمىدى»، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئىسلام ئۈچۈن بەك مۇھىم ئىقتىسادى پايدا يەتكۈزگەن. رەسۇلۇللاھ يەنە ئېيتتى: «خالايىقلارنىڭ ماڭا سۆھبەتتە، ھەمراھلىقتا، مېلىدا ئىشەنچلىكراقى ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىدۇر».

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمان بولغان ۋاقىتتا باي ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قىرىق مىڭ تەڭگە پۇلىسى بار ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ خەلىپەلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ۋاقىتتا پۈتۈن مېلىنى مۇسۇلمانلارنىڭ مېلى قاتارىغا، ئىسلام دۆلەت خەزىنىسىگە قوشۇۋەتكەنلىكى ۋە «مەن بۇ پۇلدا تىجارەت قىلاتتىم، ئەمدى مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىگە مەسئۇل قىلىندىم، تىجارەت قىلىش ۋە پۇل تېپىشقا ۋاقتىم يەتمىدى» دېگەنلىكى ئۇنىڭ پەخىرلىنىشىگە كۇپايە قىلىدۇ. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دېگەندەك ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات قىلغان ۋاقىتىدا بىرەر تىللا ۋە بىرەر تەڭگە قالمىغان ئىدى. سەۋەبى بۇ كىشى پۈتۈن مېلىنى مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتىگە ئىشلەتكەن ئىدى.

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باشقىلاردىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە قىلغان ئىشارەتلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن كېيىن ئۆزىگە ئورۇنباسار بولىدىغان خەلىپىنى مۇشۇ ئىسلام دەۋىتى ئېلىپ بېرىش تەبىئىتى ۋە قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرى ئۆز ـ ئارا مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىشتۇر دەپ بىكىتكەن پىرىنسىپنى ئەمىلىيەتتە ئىجرا قىلىش تەلەپ قىلغان ھېكمەتلەر جەھەتتىن مۇئەييەن بەلگىلەپ بېرىشنى خالىمىدى. خەلىپىلىكتىنمۇ مۇھىم قانداق ئىش بولسۇن؟ دېمەك مۇشۇ خەلىپىلىك ئىشىنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كېڭەش بىلەن قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئىدى. لېكىن يۇقىرى سۆز (يەنى كېڭەش بىلەن ئىش قىلىش) مۇسۇلمانلار مەنپەئەتىگە كۆيۈنۈشنى ئىلگىرى تۇتماسلىقنى خالىمايدۇ. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممەتكە لايىق يولباشچىنى ئىشارەت قىلغان ئاساستا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى نىشان قىلغان. ھالبۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى ۋە يولباشچىسى تۇرۇپ ئۇلارغا قانداقمۇ كۆيۈنمىسۇن؟ مانا بۇ ئىشارەت پەيغەمبەرلىك ئىشارىتى بىلەن بولغان بولۇپ، ئۇنى دەسلەپتە بەزى چوڭقۇر پىكىرلىك ساھابىلار بىلگەن. ئۇندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي باشقا ساھابىلارمۇ بىلگەن ئىدى (ئۇلارغا ئاللاھنىڭ رازىلىقى بولسۇن). ساھابىلار بىلىپ يەتكەن ئىشارەتلەرنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

**1**. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان ۋاقىتىدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئورنىدا ناماز ئۆتەپ بېرىشى (ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشۇ ئىشقا بۇيرۇلغان ئىدى). تىرمىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدى: شۈبھىسىزكى،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئەبۇ بەكرنى بۇيرۇڭلار، خالايىقلارغا ناماز ئۆتەپ بەرسۇن» دېۋىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتىكى: ئى رەسۇلۇللاھ! ھەقىقەتەن ئەبۇ بەكرى سېنىڭ تۇرىدىغان ئورنۇڭدا تۇرسا يىغلاپ كىتىپ كىشىلەرگە ئاۋازىنى ئاڭلىتالمايدۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بۇيرىغىن، خالايىقلارغا نامازنى شۇ ئۆتەپ بەرسۇن. ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا شۇنداق قىلماقچى بولۇۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتىكى: «ھەقىقەتەن سىلەر يۇسۇفنىڭ ھەمراھلىرى ئىكەنسىلەر، ئەبۇ بەكرنى بۇيرۇڭلار، خالايىققا شۇ ناماز ئۆتەپ بەرسۇن». ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: مەن سەن تەرەپتىن بىرەر ياخشىلىققا يىتىپ باقمىدىم دېدى. تىرمىزى: بۇ ھەدىس توغرا، ياخشى ھەدىس دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىمام بولۇشىغا مەزمۇت تۇرىۋالغانلىقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ ئىشنىڭ كەينىدىن بىر ئىشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئىنتايىن روشەندۇر ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئۈچ قېتىم ناماز ئوقۇپ بەرگەنلىكى نەقلى قىلىنىدۇ.

**2**. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مەسجىد ئىچىگە ئېچىلغان ماۋۇ ئىشىكلەرگە قاراڭلاركى، ئۇنى تاقىۋېتىڭلار، لېكىن ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى قېپقالسۇن، چۈنكى ھەقىقەتەن مېنىڭ قېشىمغا سۆھبەتتە، ھەمراھلىقتا ئەبۇ بەكرىدىن ئەۋزەل ياخشى بولغان بىر كىمنى بىلمەيمەن» دېگەنلىكى ئۈچۈن مەسجىدگە ئېچىلغان ئىشىكلەردىن ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىشىكىدىن باشقىسىنى ئېتىۋەتكەنلىكىدۇر.

**3**. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن سەل ئىلگىرى تەشۋىق قىلغان ۋاقتىدا مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن بىر بەندىگە ئاللاھ دۇنيا بىلەن ئۆز قېشىدىكى نېمەت (يەنى جەننەت رازىلىق) ئوتتۇرىسىدا تاللاش ئىختىيارى بەردى، ئۇ بەندە ئاللاھنىڭ قېشىدىكىنى تاللىدى (يەنى ئۆزىنى دېمەكچى)»، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزنى چۈشىنىپ يىغلاپ كەتتى ۋە مۇنداق دېدى: بەلكى ئۇنداق بولمىسۇن، بىز ساڭا ئۆز جېنىمىزنى ۋە ئاتا ـ ئانىمىزنى پىدا قىلىمىز، شۇ

چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر مەن بەندىلەر ئىچىدىن خۇسۇسىي دوست تۇتار بولسام ئىدىم، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرنى خۇسۇسىي دوست تۇتار ئىدىم. لېكىن ھەمراھلىق ۋە ئىمان ئاساسىدىكى قېرىنداشلىق ئاللاھ بىزنى ئۆز قېشىدا جۇغلىغانغا قەدەر كۇپايە قىلىدۇ».

## ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىلىككە قانداق تاللاندى؟

ئاللاھنىڭ مەھبۇب بەندىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئالىي ھەمراھلىقىغا قوشۇلۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن ۋىدالاشقاندىن كېيىن مەدىنىلىك ساھابىلار (يەنى ئەنسارلار) بەنى سايىت سەيناسىغا يىغىلىپ خەلىپىلىك توغرىسىدا كېڭەش قىلىۋاتاتتى، ھالبۇكى ئۇلار نېمە قىلىشنى بىلمەيۋاتاتتى. بۇ خەۋەر مۇھاجىرلارغا (يەنى مەككىلىك ساھابىلار) يېتىۋىدى، ئۇلار: ئەنسارلارغا ئادەم ئەۋەتەيلى، بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلسۇن دېيىشتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇنداق قىلماي بەلكى ئۇلارنىڭ قېشىغا بىز ئۆزىمىز بارايلى» دېدى ـ دە ئۇلارنىڭ قېشىغا ئەبۇ بەكرى، ئۇمەر ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە قاتارلىق بەزى مۇھاجىر ساھابىلار باردى. ئۇلار خەلىپىلىك ئىشى توغرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە قىلىشتى، نەتىجىدە ئەنسارلارنىڭ بەزىسى خەلىپە بىزنىڭ ئىچىمىزدىنمۇ، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىنمۇ بولسۇن دېدى. شۇ چاغدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئەنسارلارنىڭ ياخشى تۆھپىسى قىلىنغان بىر مۇنچە سۆزلەرنى قىلدى ۋە بۇ سۆزىدە ھەقىقەت يولى تەرەپتە تۇرۇپ ئادىللىق بىلەن بۇ مەسىلىدىكى ھەقىقەت يولىنى بايان قىلدى. ئۇ كىشىنىڭ دېگەن سۆزىنىڭ بەزىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت ئىدى: «بىز باش رەھبەرلەر، سىلەر ۋەزىرلەر، ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باش رەھبەرلەر قۇرەيشتىن بولىدۇ دېگەن ۋە بىزگە قارىتىپ

سىلەرگە ئەنسارلارغا ياخشىلىق قىلىشنى، ئۇلاردىن ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىلىقىنى قوبۇل قىلىشىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن يامان ئىش قىلغۇچىلارنىڭ يامان ئىشىدىن ئۆتنۈتىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن دېگەن ئىدى.

شۈبھىسىزكى ئاللاھ بىزنى سادىق، سىلەرنى مۇپلىھ دەپ ئاتىدى، ھەمدە سىلەرنى بىز قەيەردە بولساق بىز بىلەن بىللە بولۇشقا بۇيرۇق مۇنداق دېدى:

«ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھدىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار.» (سۈرە تەۋبە 119 ـ ئايەت)»

نەتىجىدە ئەنسارلار يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئەسلىدى ۋە شۇ سۆزگە باش ئەگدى، ھەمدە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلدى. ھەقىقەتەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنسارلارنىڭ نەزىرىنى قاراتقان مۇھىم ئامىل بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باش رەھبەرلىك قۇرەيشتىن بولىدۇ دېگەن سۆزىنىڭ مەزمۇنىدۇر. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى ئەرەبلەر مۇشۇ قۇرەيش قەبىلىسىدىن باشقا قەبىلىگە باش ئەگمەيتتى. مانا مۇشۇ ئەھۋال (يەنى ئەنسارلارغا ئىلمىي سۆزلەپ ئىتتىپاقلىقنى ساقلاش) ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ياخشى سىياسىتى ۋە يىراقنى كۆرەرلىكى بولۇپ، ئەنسارلارنىڭ كۆڭلىگە ياخشى تەسىر قالدۇردى ۋە ئەنسارلار بىلەن مۇھاجىرلار ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش كەسكىنلىشىپ ئىختىلاپ كۈچىيىپ كەتكىلى قىل قالغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىنى پەسەيتتى. بۇ ئىختىلاپنىڭ چەك ـ چېگرالىرىنى روشەنلەشتۈرۈش لازىم. چۈنكى ئەنسارلار خەلىپىلىكنى مال ـ دۇنيا ئۈچۈن ئىرادە قىلمىغان ئىدى. لېكىن ئۇلار ھەقىقەتەن بۇ دىنىنىڭ پەقەت ئۆز قولى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قىلىچى ۋە ئۆز شەھىرى مەدىنە بىلەن غالىب بولغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن ئۇلارنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى مۇشۇ جىددى ئىش ئۈچۈن توختاتقان ۋاقىتتا ئۇلار دىنىنىڭ مەنپەئەتى يولىدا ئۆزىنىڭ باش رەھبەرلىكنى (يەنى باش رەھبەرلىك بولۇشنى ئويلىغىنىنى) ئۇنتۇپ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا تېزلىك بىلەن «مەن ھەقىقەتەن مۇشۇ ئۆمەر ۋە ئەبۇ ئۇبەيدەدىن ئىبارەت ئىككى ئادەمگە سىلەر ئۈچۈن رازى بولىمەن، بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنى خالىساڭلار بەيئەت

قىلىڭلار» دېدى، شۇ چاغدا ئەبۇ ئۇبەيدە دېدىكى: «كىممۇ سىنىڭ ئالدىڭدا تۇرالىسۇن؟ هالبۇكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ساڭا بىزنىڭ دىن ئىشلىرىمىزغا يولباشچى بولۇشقا رازى بولغان تۇرسا، بىز دۇنيالىقىمىز ئۈچۈن ساڭا رازى بولمايمىزمۇ؟»، ئاندىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ «ئى ئەبۇ بەكرى! قولۇڭنى ئۇزات» دېدى، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى قولىنى ئۇزاتتى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت قىلدى، ئۇندىن كېيىن ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ «سەن ھەقىقەتەن مۇھاجىرلارنىڭ ئەۋزىلى ۋە غاردىكى ئىككى كىشىنىڭ ئىككىنچىسى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئورۇنباسارىدۇرسەن» دېگەن ھالدا بەيئەت قىلدى. ئۇندىن كېيىن خالايىقلار بۇ ئىككىسىنىڭ بەيئەت بىرىشى سەۋەبى بىلەن بەيئەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پىتنە يۇقالدى. ھەزرىتى ئۆمەر «ئەبۇ بەكرىگە مۇھاجىرلار بەيئەت قىلدى، ئاندىن ئەنسارلار بەيئەت قىلدى» دەيدۇ. مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ خەلىپىلىك ۋەزىپىسىگە ئاساسەن بولمىغان. لېكىن مۇشۇ ئىسلام دەۋىتىنى تارىتىشنىڭ غېمىگە ئاساسەن ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ غېمىگە ئاساسەن بولغان ئىدى. ئىختىلاپ ئەنسار ۋە مۇھاجىردىن ئىبارەت ئىككى قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا كۆچەيدى. چۈنكى ئەنسارلار ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقلىرىغا ۋە مۇھاجىرلار ئۆزىنىڭ دىندا بۇرۇن ئىكەنلىكىگە تەمەننا قىلغان ئىدى. مانا بۇ ئىختىلاپ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ بىرلا ئېغىز گېپى بىلەن تۈپتىن يۇقالدى. مۇشۇنداق بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئوتتۇرىدىكى ئىختىلاپنىڭ تۈپتىن يۇقىلىشىدىكى سىر بولسا شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن كۆڭۈلدىكى نەپسى ـ خاھىشى تۈپەيلىدىن ۋە قەلبلەردىكى ئاداۋىتى بارلىقى تۈپەيلىدىن ئىختىلاپ قىلىشمىدى. لېكىن ئۇلار ئاللاھ ئۈچۈن ئىختىلاپ قىلىشتى، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، ئىسلامنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىنى ئويلاپ، ئىسلام دۆلىتىنى كۈچلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ ئىختىلاپ قىلىشتى ۋە ئاللاھنى دەپ جۇغلاشتى ۋە ئاللاھ بىلەن توغرا يول تاپتى. دېمەك ئۇلارنىڭ دوستلۇقىمۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ۋە كىشىلەرنى دۈشمەن تۇتىشىمۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئىدى، بۇ مەسىلىدە سەلتەنەت ئارزۇسى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرى تېخىمۇ

يېقىنلىشىشى ھەمدە بىرلىشىشى بەك ئاسان بولدى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار بەنى سايىت سەيناسىدىن بىر ـ بىرىنى دوست تۇتقان، بىر ـ بىرى بىلەن كۆلۈشكەن ۋە بىر ـ بىرىگە مېھرىبان ھالدا چىقىپ كەتتى. بۇنداق ئىتتىپاقلىق ۋە ئاشۇنداق دوستلۇق ئىسلام دۆلىتىنى پەللىمۇ ـ پەللە كۆچلەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئالىي بىناسى ئالدىدا رۇم ۋە پارس مەدەنىيەتلىرىنى بەربات قىلغان كۆچلۈك سەۋەبلەردىن بولسا كېرەك. ھەمدە مۇشۇنداق ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇق بۈگۈنكى كۈندىكى بىز مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇلار (ساھابىلار) ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق پەرقلەردىن بولسا كېرەك. دېمەك كۈنلەر ئىچىدىن بىردە ـ بىر كۈندە بولغان ئىختىلاپ ھەرگىزمۇ مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ ياكى دۆلەتنى كۆچلەندۈرۈپ ئىسلامى دەۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشىنى قىلالمايدۇ. ئىختىلاپ پايدىسىز، ئاللاھ تائالا بەك توغرا سۆزلىدى:

«ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ» (سۈرە ئەنفال **46** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

بىز بىرلىككە كەلگەن مەسىلىلەردە ئۆز ـ ئارا ياردەم بىرىشىمىز، ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان مەسىلىلەردە بىر ـ بىرىمىزنى مەئزۇر تۇتۇشىمىز يەنى ئەپۇ قىلىشىمىز قانچىلىك كاتتا ياخشى ئىش ـ ھە!

ئەنە شۇنداق بولغان كۈنى غەلىبە چوقۇم كېلىدۇ. ئارزۇدىن ئىبارەت ئۈمىد چاقمىقى ئۈپۈقتا چاقنايدۇ. بۇ كۈن ئىنشائاللاھ چوقۇم كېلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسساللامنىڭ خەلىپىسى، ئورۇنباسارى بولۇپ قالدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك باياناتىنى ئوتتۇرىدا قويىدۇ، خەلىپىلىك مەسئۇلىيىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەندىن كېيىن، خالايىققا ئۆزىنىڭ تۇتىدىغان يولى، باشقا قىلىدىغان ۋەزىپىلىرى ھەمدە ئۆزىنىڭ قانۇنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن سۆز قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىلەرنىڭ ياخشىراقىڭلار ئەمەس تۇرۇپ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئىگە قىلىندىم (يەنى خەلىپە بولدۇم)، ئەگەر ياخشى ئىش قىلسام ياردەم بېرىڭلار،

www.uyghurkitap.com

ئەگەر خاتالىشىپ كەتسەم تۈزىتىپ قويۇڭلار. ساداقەت دېگەن ئامانەتتۇر (يەنى راست ئىش قىلىش مۇسۇلماننىڭ ئامانىتى)، يالغان ئېيتىش خىيانەتتۇر. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئاجىز كىشى مېنىڭ ئالدىمدا كۈچلۈك بولۇپ، ھەتتاكى مەن ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىمەن. بىر قەۋم جىھادنى تەرك ئەتمەيدۇ، ئەگەر تەرك ئەتسە ئاللاھ ئۇلارنى خارلىققا دۇچار قىلىدۇ. بىر قەۋم ئىچىدە پاھىشە ئومۇملاشمايدۇ، ئەگەر ئومۇملاشسا ئاللاھ ئۇلارغا ئومۇمىيۈزلۈك بالايىئاپەت يەتكۈزىدۇ. مەن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلساملا ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار، قاچانكى مەن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىي بولسام ماڭا ئىتائەت قىلىش سىلەرگە توغرا ئەمەس.»

شۈبھىسىزكى مانا بۇ ئالىي پرىنسىپ بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدا قىلدى. بۈگۈن كۈندىكى ئىنسانىيەتمۇ بۇنى ئىدا قىلىۋاتىدۇ. مانا بۇ ئىدانى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئەمەلىيەتكە چىقاردى. ۋە ئۈممەتنىڭ نەپسلىرىگە، كۆڭۈل ـ روھلىرىغا ۋە ھاياتىغا مۇقەررەر قىلىپ بېكىتتى. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا خەلقلىرى ئالدىدا نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر بىر ھاڭ داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇكى، بۇ ھاڭنى بۈگۈن كۈندىكى نەزەرىيەلەر ھەر قانچە گۈزەللىشىپ، چىرايلىقلىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئىسلامغا مۇستەھكەم چاپلىشىشتىن، ئىسلام بويىچە مېڭىشتىن باشقىسى ئىتەلمەيدۇ. چۈنكى خەلقكە ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق نەزەرىيە، شەكىلۋازلىق كۆپايە قىلمايدۇ. ئەگەر ئاشۇ قۇرۇق نەزەرىيەلەر ئەمەلگە ئاشقان تەقدىردىمۇ ئۇ پەقەت خەلقكە بەختسىزلىك، ۋەيرانچىلىق، زۇلۇم ۋە سىقىلىشتىن باشقىسىنى ئېلىپ كەلمەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانپەرۋەرلىك، ئىنسان ھوقۇقى، كىشىلىك ھوقۇق، دېمۇكراتىيە، ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلىش دېگەندەك ئىسىملىرى بىلەن، ھەمدە بۇندىن باشقا گۈزەل ناملار بىلەن بولۇپ، دۇنيا خەلقى ئەمەلىيەتكە زىت بولغان بۇنداق نەزەرىيەلەرنىڭ جاپاسىنى داۋاملىق تارتىۋاتىدۇ.

# خەلىپىنىڭ خەلىپىلىكىگە ئايرىپ بېرىلگەن مال توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى بۇ خەلىپىلىك مەسئۇلىيىتىنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن تۇرۇپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تىجارەت قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن كاشىلا قىلمىغان ئىدى. بازار كۈنلىكى يېتىپ كىلىۋىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تىجارەت قىلىش ئۈچۈن رەخلىرىنى بازارغا كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى، ھەزرىتى ئۆمەر ئۇچراپ قېلىپ ئەبۇ بەكرىگە: «بۇ نېمە؟ قەيەرگە ماڭدىڭ؟» دەپ سورىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بازارغا ماڭدىم» دەپ جاۋاب بەردى. ھەزرىتى ئۆمەر: «سەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا ئىگە قىلىندىڭ، خەلىپە قىلىندىڭ، شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ مېلىدىن، يەنى دۆلەت خەزىنىسىدىن ساڭا ۋە ئائىلەڭگە يېتەرلىك لازىمەتلەر توختىتىلىدۇ، مەسجىدكە قايتقىن» دېدى. ئەينى ۋاقىتتا مەسجىد مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمەت ئورنى ئىدى، ھەزرىتى ئۆمەر خالايىقلارنى چاقىردى، ئۇلار يىغىلدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى خالايىق! ھەقىقەتەن مەن ئائىلەم ئۈچۈن كەسىپ قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۇزۇقىنى ھاسىل قىلاتتىم، ھازىر مەن سىلەر ئۈچۈن ئىشلەۋاتىمەن، شۇڭا ماڭا دۆلەت خەزىنىسىدىن مال ـ لازىمەتلىكلەر توختىتىپ بېرىڭلار» دېدى.

ساھابىلار ئېيتتىكى: «ئى رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى! شۈبھىسىزكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئامانەتدارى، مەسلىھەتچىسى ئەبۇ ئۇبەيدەنى قالدۇرۇپ قويدى، ئۇ كىشى ساڭا ۋە بىزگە ھۆكۈم قىلىدۇ». ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «مەن ساڭا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن بەك يۇقىرىمۇ ئەمەس، بەك تۆۋەنمۇ ئەمەس بىر ئادەمنىڭ ئۇزۇقىنى، ئوتتۇرا ھال تۇرمۇشتىكى كىشىنىڭ يازلىق كىيىمىدىن بىرنى ۋە قىشلىق كىيىمىدىن بىرنى، مىدىنىدىن ئۇلاغدىن بىرنى بەلگىلەپ بېرىمەن».

دېمەك، ساھابىلار ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا **200** دەرھەم

بەلگىلەپ بەردى. يەنى يۇقىرى نەرسىلەرنى ھېسابلىسا **200** تەڭگە بولىدىكەن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «مەن بۇنىڭدىن كۆپ تاپاتتىم» دېۋىدى. ئۇلار ئەبۇ بەكرىگە **500** دەرھەم بەلگىلەپ بەردى، بۇ مىسلىسىز ئائىلىدىن كېلىپ چىققان مىسلىسىز ئادەمنىڭ مەيداندۇركى ھەقىقەتەن بۇ تەڭداشسىز بىر ئەۋلاد كىشى قۇرئان تەربىيىسى بىلەن ۋە ئىسلام سايىسى ئاستىدا تەربىيىلەنگەن بولۇپ ئىسلام بىلەن ياشىدى ۋە ئىسلام ئۈچۈن ياشىدى. رەببىگە ئىتائەت قىلىشتا ياشىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ داستىخىنى ئۈستىدە ياشىدى. دېمەك، بۇ كىشى ھەقىقەتەن بىر ئەۋلاد بىر زامان تەربىيىچى ئىدىكى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىنسان تاپالمايسەن.

## ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پائالىيەتلىرى

شۈبھىسىزكى، كاتتا ئادەملەرنىڭ ھاياتى ئۇلار ھاكىمىيەت تەختىدە تۇرغان ھالدا ئۆتكۈزگەن زامان بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. يەنى ۋاقىتنىڭ ئاز-كۆپلىكى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ھاياتى ئىخلاس بىلەن توغرا بولغان ئەمەل ئارقىلىق ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە، خەلقنىڭ ھالىتىنى ئۈستۈن قىلىشقا ھەمدە خەلقنىڭ ئەقىدىسىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ۋاستە بىلەن خەلقنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا رىئايە قىلغان جەھەتتىن جاپالىق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. خەلقنىڭ ئەقىدىسىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ۋاستە قوللىنىش دېيىشنىڭ سەۋەبى، چۈنكى خەلقنىڭ ئەقىدىسىگە زىت بولغان نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سەئيى قىلىش ياخشى ئەمەس. شۇنداق بولغان كۈنى بىئاراملىق كۆپىيىپ ئاجىزلىق ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇممەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالماي بەلكى قاتمۇ-قات قاراڭغۇلۇقتىن، ئارقىدا قېلىشتىن، ئاجىزلىق ۋە خارلىقتىن ئىبارەت چوڭقۇر دېڭىزغا ۋە يىراق ئورۇنغا يىقىلىدۇ.

ئى ئەبۇ بەكرى! سىنىڭ ياخشىلىقىڭ ئاللاھقا بولسۇنكى، نۇرغۇن نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ۋە ناھايىتى ئۇلۇغ نۇرغۇن ئىشلارنى ئورۇنلىغان

ۋاقتىڭدا ئەجەبمۇ ئۇلۇغ، كاتتا بولغان ئىدىڭكى، بۇ ئۇلۇغلۇقۇڭ پەقەت ئىككى يىل ئۈچ ئاي داۋاملاشقىنىغا قارىماي پۈتۈن ياخشىلىقلارنى جۇغلىغان خەلىپىلىك كۈنلىرى ئىدى. شۇ ئۇلۇغ ئەمەللەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولسا كېرەك.

**1**. ئۇسامە ئىبنى زەيدنى قوماندان قىلىپ قوشۇن ئەۋەتىش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن سەل بۇرۇن ئۆزى ياش يىگىت ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ قوماندانلىقىغا بىر بۆلۈك قوشۇن تەييارلىغان ئىدى. ۋە ئۇسامەنى پەلەستىن زېمىنىدىكى بەلغا ۋە داۋارىن دېگەن جايلارنىڭ ئىچكىرىسىگىچە كىرىشكە بۇيرىغان ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايراقنىمۇ تۇتقۇزغان ئىدى. ئۇندىن كېيىن رەسۇلۇللاھنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشتى. قوشۇن مەدىنە سىرتىدا رەسۇلۇللاھنىڭ كېسلى ئەھۋالىغا قاراپ تۇرغاندى. رەسۇلۇللاھ ھاجىتىنى ئادا قىلىپ، ۋاپات قىلىپ خەلىپىلىككە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىگە بولغاندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى ئۇسامە ئىبنى زەيدگە «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرىقىنى ئىجرا قىلغىن» دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇننى ئۆزى ئۇزىتىدۇ. ھالبۇكى ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ كاتتىلىرى بىللە ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى پىيادە مېڭىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ياش قوماندان ئۇسامە «سەن مىنگىن، مەن پىيادە ماڭاي ياكى چۈشۈپ بىللە ماڭاي» دېدى، ئۇسامە ئات ئۈستىدە ئىكەن، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى دېدىكى: «مەن ئاللاھنىڭ يولىدا ئىككى پۇتۇمنى توپا قىلماسلىقىقا ماڭا نېمىدۇر، مەن ئۈچۈن شەرەپ»، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەھەر سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىققان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇسامەدىن: «ماڭا ئۆمەرنى رۇخسەت قىلامسەنكى، مەن ئۇنىڭدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشى ئۈچۈن رۇخسەت سورايمەن». ھەزرىتى ئۆمەر ئۇسامەنىڭ قوشۇنىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئېلىپ قالماقچى بولغان. ئۇندىن كېيىن مۇسۇلمانلار قوشۇنى يۈرۈپ كەتتى. نەتىجىدە مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ ئۇندىن كېيىن قايتىپ كەلدى. تارىخ كىتابلىرىدا ئۇسامەنىڭ قىرىق كۈن ئەتراپىدا غايىب بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ، بەزىلەر **70** كۈن غايىب بولغان ئىدى دەيدۇ (ئۇرۇشتىن

www.uyghurkitap.com

كەلمىگەن). ھەقىقەتەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۇسامەگە تۆۋەندىكى سۆزى بىلەن ۋەسىيەت قىلغان ئىدى: «ئى ئۇسامە! سەن ساڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوزائە شەھرىگە قارىتا بۇيرىغان ئىشنى قىلغىن، ئۇنىدىن كېيىن سەن غايىب بولغۇچىدۇرسەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنى قىسقارتما (يەنى دېگىنىنى تولۇق ئورۇنلاپ كەلگىن)». بۇ يەرە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شۇ قوشۇننى ئەۋەتىشكە كەسكىن ئىرادە باغلىغان ۋاقتتا ئۇنى يىراقنى كۆرەرلىكى ئىدى دېيىشكە ھەقلىقمىز. چۈنكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ بەزىسى ئىسلامغا يېڭىدا كىرگەن، بەزىسى تېخى كىرمىگەن ئىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا ئەرەبلەرنىڭ بەزىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن خەلىپىلىك ئىشى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇقىملىشىشتىن بۇرۇن «بىزنىڭ مەقسىتىمىزگە ئاشكارا پۇرسەت كەلدى» دەپ گۇمان قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ دۆلەتنىڭ (يەنى ئىسلام دۆلىتىنىڭ) زىددىگە بىر سۈيىقەست پىلانلىغان ئىدى. بۇ كىشىنىڭ (يەنى ئەبۇ بەكرىنىڭ) قوشۇن ئەۋەتىشكە بولغان كەسكىن ئىرادىسى يامان نىيەتلىك كىشىلەرگە خەلىپىلىك مەركىزىنىڭ ھەقىقەتەن كۈچ ـ قۇۋۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىدى. ئەگەر خەلىپىلىك مەركىزىنىڭ ئاساسى شۇنداق كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك بولمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە رۇم شەھەرلىرىگە ئۇرۇش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتمەيتتى. تارىخ كىتابلىرىدا ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دىنىدىن يېنىۋېلىشنى ئىرادە قىلغان ھەرىق قەبىلىلىرىدىن ئۆتكەندە ئۇ قەبىلە ئەھلى «ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بولمىغان بولسا ئەلۋەتتە بۇ قوشۇننى ئەۋەتمىگەن بولۇر ئىدى» دېيىشىپ، قىلماقچى بولغان نۇرغۇن ئىشلاردىن ئۆزىنى يىغىۋالغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

**2.** ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ مۇرتەدلەرگە (ئىسلامدىن يېنىۋالغانلارغا) قىلغان ھۆكمى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدە خەلىپىلىكتىن ئىبارەت مۇھىم مەسئۇلىيەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي پىتنە (يەنى ئىچكى قالايمىقانچىلىق) زۇلمەتلىك كېچە پارچىسىدەك بىر باشتىن مەيدانغا

كېلىشكە باشلىدى. ئۇسامە باشچىلىقىدىكى قوشۇن ئۆز يولىدا شەرقى ئىئوردانىيىگە يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن قەبىلىلەرنىڭ ئەلچىلىرى زاكات مەسىلىسىنى مۇنازىرىلىشىش ئۈچۈن مەدىنىگە كىلىشكە باشلىدى. زاكات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات قىلغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە ئەمەس دېيىشىپ ئۇلارنىڭ:

«(ئى مۇھەممەد) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن، شۈبھىسىزكى سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ (سۆزىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» (سۈرە تەۋبە **103** ـ ئايەت)

دېگەن سۆزىنى ھۆججەت كەلتۈرۈپ ھەقىقەتەن زاكات دۇئاسى بىزگە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدىغان ئادەمگىلا خاس بولىدۇ دېيىشتى (يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ باشقىسىغا بەرمەيمىز دېمەكچى).

مۇشۇنداق پىتنە كۆپەيمەكتە. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ساھابىلارنىڭ كۆز قارىشىغا قاراپ ئۆزىگە: «ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ زاكات بەرمەسلىكتىكى كۆز قارىشىنى قويۇپ تۇرغىن، ھازىرچە چېقىلما، ئىمان ئۇلارنىڭ قەلبىگە كامىل ئورناشقانغا قەدەر ئۇلار بىلەن كىلىشىپ تۇرغىن» دەيدىغانلارنىلا ئۇچراتتى. ھەتتاكى كەسكىن، جەسۇر، كۈچلۈك ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئەبۇ بەكرىگە: «ئەرەبلەر ساڭا زاكاتنى بەرمىسە ئۇلارغا قارىتا سەۋرچان بولغىن» دېۋىدى، ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭغا رەددىيە قىلىپ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئادا قىلىۋاتقان نەرسىلەردىن ئارغامچىغا چاغلىق بىر نەرسىنى كەم قىلىپ ماڭا بەرمىسە ئەلىۋەتتە مەن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئارىسىنى ئايرىغان، بىرنى قىلىپ بىرنى قىلمىغان ئادەم بىلەن ئەلىۋەتتە ئۇرۇشىمەن» دېدى. ئۇندىن كېيىن ئۇ مۇنداق دېدى: «ئى ئۇمەر! سەن جاھىلىيەتتە يۈرەكلىك، جەسۇر ئىدىڭ، ئىسلامدا بوشاڭمۇ سەن؟». ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە «ئۇلارغا قارشى كىم بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىسەن؟» دېيىلگەن ۋاقىتتا ئەبۇ بەكرى:

«ئۆزۈم يالغۇز قالساممۇ بېشىم تېنىمدىن ئايرىلغۇچە» دەپ جاۋاب بەردى. مۇشۇنداق چوڭ ئەھۋالغا قارىماستىن (يەنى تەرەپ ـ تەرەپتىكى زور قىستاڭچىلىققا قارىماستىن) شۇنداقلا ئۆزى بىلەن مەككە ـ مەدىنە ۋە تائىف ئەھلىنىڭلا قالغىنىغا قارىماستىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ئىشىنى كەسكىن ئېلىپ باردى. ھەممە ئۆزى بىلەن بىرگە بولغان مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە مۇرتەدلەرگە قارشى ئورۇن قىلدى. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوشۇنى كېلىۋىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ 11 ئادەمگە 11 بايراقنى تۇتقۇزدى. قوشۇن ئىماندىن يانغان مۇرتەدلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مېڭىپ كەتتى. نەتىجىدە ئاللاھ ئىسلامغا نۇسرەت بەردى، ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، شەۋكىتىنى سۇندۇرۇۋەتتى. ھەقىقەتەن مانا بۇ مەيدان ئۇنىڭ قىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتقاندەك مۇلايىم كىشى ئەبۇ بەكرى تۇرغان كۈچلۈك مەيدانلاردىن بىرىسىدۇر. لېكىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەق توغرىسىدا جەسۇر، ئىسلام دەۋىتىنى تارقىتىشتا كەسكىن، ئىسلامنى مۇداپىئە قىلىشتا كۈچلۈك ئىدى.

سابايى (ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ بەكرىنىڭ مۇرتەدلەر بىلەن ئۇرۇشۇشىدىكى مەيدانىغا كەلسەك، ئۇ شىددەتلىك مەيدانلاردىكى ئەھۋال كەسكىن ئىرادىلىك ۋە سەممىي، ساداقەتلىك كىشىلەردىن ئەسىر قالدۇرۇلغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. ئاللاھ ئەگەر ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلبىنى ھەقكە سادىق قىلمىغان ۋە كەسكىن ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىرادىسىنى بەرمىگەن بولسا ئەلۋەتتە مۇنداق پىتنىلەر يېڭى ئىسلامنىڭ بىناسىنى ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىنى ئۆرۈپ تاشلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالسا ئىسلامنىڭ ئىككىنچى ئاساسچىسى بولۇپ قالدى.

**3.** قۇرئان كەرىمنى توپلاش.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسى بولغان ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ قولى بىلەن ئىسلامنى غالىب قىلغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلام ئۈممەتلىرىنى بەرپا قىلىشتىكى ئاساسلىق قائىدە ـ ئۇسۇل بولغان ۋە شۇ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ تەرەققى

قىلىشىدىكى كۈچلۈك ئامىل بولغان ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاننى كەرىمدىن پايدىلىنىشقا ئۈممەت ئۈچۈن يول تەييارلاپ بېرىشكە قەدەم قويدى. شۈبھىسىزكى، ئويغىنىشنىڭ ئەڭ شەرەپلىكراقى پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن ئويغىنىشتۇر. چۈنكى بۇنداق ئويغىنىش خاتالىقتىن ساقلانغان، ئىنسانىيەت نەپسىنى تۈزەشكە مەركەزلەشكەندۇر. ئىسلامدىكى ئويغىنىش، تەرەققىيات، يۈكسىلىش بولسا ۋەھيىنى مەركەز قىلغان. ئاشۇ ۋەھيى بولسا قۇرئان كەرىم بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ روھىغا، ئىچكى دۇنياسىغا يېيىپ‍شىدۇ، ئۇنىڭغا مۇستەھكەم مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ئۇنى يېڭى بىر تەبىئەتتە خۇيلاندۇرىدۇ، ھەمدە يېڭى ھاياتقا ئۆستۈرىدۇ. قۇرئاننىڭ ئايەت ئىبارىلىرى ۋە ھەرپلىرى ھەر ۋاقىتتا ئوچۇق روشەندۇر. ھەمدە ئويغىنىش يۈكسىلىشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەقىقەتەن قۇرئاننى توپلاش ھەزرىتى ئۇمەرنىڭ پىكرى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا قۇرئان سۈرىلىرى ئايرىم ــ ئايرىم، تەرەپ ــ تەرەپلەردە بولۇپ ھازىرقى بىر پۈتۈن ھالەتتە ئەمەس ئىدى. ئىمام بۇخارى سەھىھ كىتابىدا زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ، زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «يەمامەلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىنىۋاتقان ۋاقىتىدا ئەبۇ بەكرى مېنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپتۇ، مەن ئەبۇ بەكرىنىڭ قېشىغا باردىم، ئۇنىڭ يېنىدا ئۇمەر ئىبنى خەتتاب بار ئىكەن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «ئۇمەر مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ يەمامە كۈنىسىدىكى ئۇرۇش ناھايىتى قاتتىق بولدى، بۇر ئۇرۇشقا قۇرئاننى يادقا بىلىدىغانلار كۆپ قاتناشتى، شۇڭا بۇنىدىن كېيىنكى ئۇرۇشلاردا قۇرئاننى بىلىدىغانلار ئۆلۈپ كېتىپ، قۇرئاننىڭ كۆپ قىسمى يوق بولۇپ كېتىشتىن قورقىۋاتىمەن، شۇڭا قۇرئاننى جۇغلاشقا بۇيرۇشۇڭنى توغرا تاپىمەن» دېدى. مەن ئۇمەرگە «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلمىغان ئىشنى قانداق قىلىمىز» دېسەم، ئۇمەر «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئىش ياخشى ئىش» دېدى، ئۇمەر بۇ توغرىدا ماڭا ھەمىشە مۇراجىئەت قىلىپ نەتىجىدە ئاللاھ مېنىڭ قەلبىمنى بۇ ئىشقا كەڭ قىلدى، ھەمدە مەن بۇ ئىشتا ئۇمەرنىڭ پىكرىنى توغرا تاپتىم».

زەيد مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ بەكرى ماڭا: «سەن راستىنلا بىز ئىشىنىدىغان

ياش، ئەقىللىق كىشى، ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن ۋەھيىنى يازاتتىڭ، شۇڭا قۇرئاننى ئىزدەپ ئۇنى جۇغلىغىن» دېدى.

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇلار مېنى تاغ يۆتكەشكە تەكلىپ قىلغان بولسا، بۇ تەكلىپ مېنى قۇرئاننى جۇغلاشقا بۇيرىغاندىن ماڭا ئېغىر تۇيۇلمايتتى. مەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلمىغان ئىشنى سىلەر قانداق قىلىسىلەر؟» دېدىم. ئەبۇ بەكرى: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ياخشى ئىش» دېدى ۋە ماڭا ھەمىشە مۇراجىئەت قىلدى. نەتىجىدە ئاللاھ مېنىڭ كۆكسۈمنى ئەبۇ بەكرى ۋە ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ كۆكسىنى كەڭ قىلغان نەرسىگە كەڭ قىلدى (يەنى بۇ ئىشنى توغرا تاپتىم).

دېمەك، قۇرئاننى خورمىنىڭ قوۋزىقىدىن، نېپىز ئاق تاشلاردىن ۋە ياد بىلىدىغانلاردىن ئىزدەپ تېپىپ ئۇنى جۇغلىدىم، ھەتتاكى سۈرە تەۋبەنىڭ ئاخىرىدىكى: دېگەن ئايەتنىڭ ئاخىرىغىچە ئەبى خۇزەيمەتىل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تاپتىم، بۇ ئايەتنى ئۇنىڭدىن باشقىسى ياد بىلمەيدىكەن.

سەھىپىلەر يەنى توپلانغان توپلام ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغىچە ئۇنىڭ قېشىدا، ئۇندىن كېيىن ھەزرىتى ئۇمەر ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ قېشىدا، ۋاپاتىدىن كېيىن قىزى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېشىدا تۇردى.

4. ئىسلامى پەتھىلەر.

شۈبھىسىزكى، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ساھابىلار ئاللاھ تەبارەك ۋە تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ئوقۇيتتى:

«ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئۆزەڭلارغا يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (يەنى سىلەرگە خەتەر بولماسلىق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كۇففارلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار)، سىلەرنى ئۇلار قاتتىق ھېس قىلسۇن (يەنى ئۇرۇش ئۈستىدە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇڭلار، ئۇلارغا ئىچىڭلار ئاغرىمىسۇن)، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى ئاللاھ تەقۋادارلارغا مەدەتكاردۇر).» (سۈرە تەۋبە 123 ـ ئايەت)

نەتىجىدە ھەر ئىشنى قائىدە بويىچە ئېلىپ بارغانلىقتىن مۇشۇ ئىسلام

دىنىنى ئەتراپقا نەشىر قىلىش، ئىسلامى دەۋەتنى كىشىلەر قەلبىگە ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇنىدىن كېيىن ئىسلام پىكرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە شۇ دەۋەت ۋە پىكرىگە قۇرئاننىڭ ھەممىسىنى ئىجرا قىلىشقا قايىل بولۇشىنى كىشىلەر قەلبىگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بولغان دەۋەتنىڭ دائىرىسى ئاستا ـ ئاستا كېڭەيدى. مانا مۇنداق قىلىش پەقەت ئەينى ۋاقىتتا پارس ئىمپىراتورلۇقى ۋە رۇم ئىمپىراتورلۇقىدا ئەكس ئەتكەن دۇنياۋى كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش بىلەن بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇم ئۇرۇشى ئۈچۈن ئۇسامەنىڭ قوشۇنىغا ئەلەم تۇتقۇزغان ۋاقىتتا يۇقىرى ئىشنى (يەنى دىنى دەۋەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى) باشلىغانىدى. شۇنىڭدەك ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پارس ۋە رۇمدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ئورۇنلىرىغا يۈزلەندى. بۇ ئىشقا ئۆز مۈلكىنى كېڭەيتىشنى ياخشى كۆرۈپ، سەلتەنەتكە ۋە يۈز ـ ئابرۇيغا ئىگە بولۇشقا قىزىقىپ ئىراقنىڭ باغۇ ـ بوستانلىرىنى، شامنىڭ گۈزەللىكىنى تەمە قىلىپ ۋە كىشىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قەدەم قويمىدى. بۇلارنىڭ ھېچ قايسىسى ئۇنىڭ كۆڭلىگە كىچىپمۇ باقمىدى.

دېمەك، مۇسۇلمانلار قوللانمىسى ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن ئىسلام ھۆكمىنى كىشىلەرگە ئۈچۈق سۆزلىمەي تۇرۇپ ئۇلارغا قىلىچ كۆتۈرمەيدۇ ۋە ئوق ئاتمايدۇ. ئۇلار ئۆز دۈشمەنلىرىگە ئىسلامغا كىرىش ياكى جىزيە تۆلەشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاپ بولغۇچىلىك يېتەرلىك پۇرسەت بېرەتتى.

ئۇ جىزيە (يەنى ئىسلامغا كىرمەي مۇسۇلمانلارغا باش ئەككەنلەردىن ئېلىنىدىغان باج) ئۇلارنى ئىسلام ئەسكەرلىرى قوغداپ بەرگەننىڭ ھەققى بەدىلىگە بولىدۇ. دېمەك مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ جىزيە مەسىلىسىدىكى مەسئۇلىيىتى ئۆز گەردىنىگە جىزيە تۆلىگەنلەرنى قوغداشنى يۈكلەيدۇ. بۇنىڭ دەلىلى: شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلار قاتتىق ئۇرۇشقا دۇچ كەلسە جىزيەنى ئەسلىدىكى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرەتتى. قوغدىيالماس بولۇپ قالسا جىزيە بەرگەنلەرگە پۇلىنى (ئۇلارنى قوغدىيالمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرەتتى. شۇنداقلا بۇ ئىش «ھىمىسە» دېگەن جايدىمۇ ئاشۇنداق بولغان (يەنى ئۇ جايدىمۇ باج بەرگەنلەرگە پۇلىسى قايتۇرۇپ بېرىلگەن). شۇنىڭدەك

ئىسلام پەتھىلىرى (ئىسلامنىڭ باشقا جايلارنى ئازات قىلىشى) ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە ئىككى تەرەپكە ئىلگىرىلەنگەنىدى.

**1**. شەرقى پارس تەرەپ. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشۇ تەرەپكە ئەۋەتىلىدىغان قوشۇننىڭ قۇماندانلىقىغا ئاللاھنىڭ قىلىچى خالىد ئىبنى ۋەلىدنى بەلگىلىدى. بۇ ھىجرىيىنىڭ **12** ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىدىكى ئىش ئىدى. بۇ پەتھى قوشۇن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە پارس مەملىكىتى قولىدىن ئىراقنىڭ چوڭ شەھەرلىرىنى ئازات قىلىشقا قادىر بولدى.

**2**. شىمالدا رۇم تەرەپ. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خالىد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاسنى فاتىھ دەۋەتچىلەردىن تەركىب تاپقان قوشۇنغا باش قىلىپ شام ئىگىزلىكىگە ۋە تەيما دېگەن جايدىكى ئەسكەر تۇرىدىغان جايغا يۈزلەندۈردى. قوشۇن رۇملۇقلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇندىن كېيىن خالىد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاس ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە ياردەم سوراپ خەت يازدى. شۇ سەۋەبتىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆت بۆلۈك قوشۇن تەييارلىدى: **(1)** ئەمر ئىبنى ئاس باشچىلىقىدا بولۇپ پەلەستىن تەرەپكە. **(2)** شۇرھەبىل ئىبنى ھەسەن باشچىلىقىدا بولۇپ ئىئوردانىيە تەرەپكە. **(3)** يەزىد ئىبنى ئەبۇ سۇفيان قۇماندانلىقىدا بولۇپ بالقان تەرەپكە. **(4)** ئەبۇ ئۇبەيدە ئامىر ئىبنى جەرداھ قۇماندانلىقىدا بولۇپ ھىمسە تەرەپكە يۈرۈش قىلىدۇ. رۇملۇقلار مۇسۇلمانلارغا قارشى پۈتۈن كۈچىنى بىر يەرگە يىغىۋىدى، ئەمر ئىبنى ئاس باشقا ئەمىرلەرگە بىر يەرگە توپلىنىشنى مەسلىھەت بەردى. دېگەندەك ئۇلار يەرمۇك دېگەن جايغا توپلاندى. ھەر بىر ئەمىر ئۆز قوشۇنىنىڭ يېنىدا ئىدى. رۇملۇقلار ئۇلارنىڭ ئالدىدا بولۇپمۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئارىلىقىدا خەندەك (لەخمە) بار ئىدى. شۇڭا رۇملۇقلار ئىختىيارى ئۇرۇش قىلىپ ئەگەر خالىسا لەخمىلەرگە يوشۇرۇنۇۋالاتتى. شۇنداق قىلىپ ئىش مۇشۇ ھالىتى بىلەن ئۈچ ئاي ئۆتتى. ئاخىرى ئەمىرلەر ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياردەم سوراپ خەت يازدى. تەلەپكە بىنائەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئىراقتىكى خالىد ئىبنى ۋەلىدنى شامغا يۈزلىنىشكە بۇيرۇق بېرىپ خەت يازدى. خالىد مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىغا (يەنى رۇم ئۇرۇشىدىكى قوشۇنغا) تېزلىكتە يېتىپ كەلدى. رۇملۇقلارغىمۇ شۇ ۋاقىتتا يەنە ياردەم كەلگەن ئىدى.

ئـاللاھ بولۇشـقا تېگـىشلىك ئـىشنى ئـىشقا ئاشـۇرۇش ئۈچـۈن ئـايەتتىن ئىختىبـاس. شـۇنىڭدىن كېـيىن مۇسـۇلمانلار خالىـدنىڭ قۇماندانلىقىـدا ھەممىسى بىر گەۋدە بولۇشنى توغرا تاپتى. ئـاخىرقى نەتىجىـدە مۇسـۇلمانلار غەلىبە قازانغان «يەرمۇك»تىكى جەڭ ھەمـىشە ئەسـلىنىدىغان بولـدى ۋە بـۇ غەلىبىنى ھەم جەڭ مەيـدانىنى تـارىخ داۋاملىـق سـۆزلەيدۇ. شـۇنى سـۆزلەپ ئۆتۈش لايىقكى، «يەرمۇك» ئۇرۇشى گىلان تېغى ئېتىكىدە بولـۇپ بـۇ تاغـدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن 3000 گە يېقىن كىشى ئەتراپقـا ئىسلامنى تارقىتىش ۋە ئۇ جايلارغا ھەق ۋە تەۋھىـدنىڭ بـايرىقىنى تىكـلەش ئۈچۈن شېھىت بولغان ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىـسىدىن رازى بولـسۇن. ئـۇلار كەتكەنـدىن كېـيىن ئۇلارنىـڭ ئورنىغـا نامـازنى زايـا قىلىۋېتىـدىغان، نەپسى ـ خاھىشىغا ئەگـىشىدىغانلار ئورۇنباسـار بولـدى. بـۇلار ئـۇ زېمىنغـا قارىتا بەك سۇسلۇق قىلىپ، ئـىسلام بـايرىقى ئورنىغـا ئـۇ زېمىنغـا يارىمـاس نەرسىلەرنى ئۈستۈن قىلىـش ئۈچـۈن پايـدىلىق لوقمـا سـۇپىتىدە باشـقىلارغا ئۆتكـۈزۈپ بەردى. كېيىنكـى مۇسـۇلمانلارغا ۋاي ـ ھەسـرەتكى، ئۇلارنىـڭ ئەجدادلىرى شەھەرلەرنى پەتھـى قىلىـپ بەنـدىلەرنى تـوغرا يولغـا باشـلاش ئۈچۈن قۇربان بىرىپ، شۇ شەھەرلەر تۇپرىقىنى ئۆزىنىڭ پاك قـانلىرى بىـلەن بۇيىغان ئىدى. بۇلار ئورۇنباسار بولۇپ بوشـاڭلىق قىلىـپ، ھاياتىنىـڭ ئـازراق مەنپەئەتىنـى دەپ زايـا قىلىـۋەتتى. خۇلاسـە قىلىـپ ئېيتقانـدا، ھـازىرقى ئورۇنباسارلار ياخشى ئەجدادلارنىڭ ناچار ئورۇنباسارلىرى بولدى.

## ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېسەل بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتى

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېسلىنىڭ باشلىنىش سۇغۇق كۈندە غۇسلى قىلغىنىدىن بولۇپ 15 كۈن تەپ كېـسىلگە گىرىپتـار بولغـان،

نامازغا چىقالمىغان ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى كىشىلەرگە ناماز ئوقۇتۇپ بېرىشكە بۇيرىغانىدى. كىشىلەر ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنى يوقلاپ تۇراتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۆيىدە ئىدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېسەللىك ھالىتىدە يېنىدىن ئايرىلمايتتى. ئەبۇ بەكرى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ھىجرىيىنىڭ 13 ـ يىلى جامادىيەل ئاخىر ئېيىنىڭ 22 ـ كۈنى سەيشەنبە كەچتە ۋاپات قىلدى. ئۇنىڭ خەلىپە بولغان مۇددىتى ئىككى يىل ئۈچ ئاي 10 كۈن ئىدى. ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئايالى ئەسما بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يۇيۇشىنى ۋەسىيەت قىلغان ئىدى. ئۇ كىشىگە ئىككى دانە ئىشلىتىلگەن رەخت بىلەن كېپەن قىلىندى. بەزىلەر ئۈچ ئىدى دەيدۇ. ئۇ كىشىنىڭ نامىزىنى ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى بىلەن مۇنبەرنىڭ ئارىلىقىدا ئوقۇتتى، ئۇ كىشىنى كېچىلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. ئۇ كىشىنىڭ بېشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى تاغىقى باراۋىرىگە دەپنە قىلىندى (پەيغەمبىرىم بىلەن ئۇدۇل دەپنە قىلىنماي، ئازراق تۆۋەن تەرىپىگە كەلتۈرۈپ دەپنە قىلىنغان).

ئى ئەبۇ بەكرى! ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن، سەندىن رازى بولسۇن، چۈنكى ھەقىقەتەن سەن ئاللاھنىڭ مەھبۇب پەيغەمبىرىگە خەلىپە ئورۇنباسار بولدۇڭ. دېمەك، سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت ياخشى ئىمامغا ياخشى ئورۇنباسار بولدۇڭ. ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزدۇڭ ۋە ئۇنى تاراتتىڭ، نەشىر قىلدىڭ، كېڭەيتتىڭ، ئامانەتنى ئۈستۈڭگە ئالدىڭ ۋە ئۇنى ئادا قىلدىڭ، ھەمدە ئۇنى ھەقىقىي رەۋىشتە ياخشى ئورۇنلىدىڭ. ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن!

# ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئۆمەر بولۇپ خەتتابنىڭ ئوغلى، خەتتاب نۇفەيلنىڭ ئوغلى، نۇفەيل ئابدۇلئۇززانىڭ ئوغلى، ئابدۇلئۇززا رەباھنىڭ ئوغلى، رەباھ ئابدۇللانىڭ ئوغلى، ئابدۇللا قۇرتنىڭ ئوغلى، قۇرت رەزاھنىڭ ئوغلى، رەزاھ ئەدىينىڭ ئوغلى، ئەدى كەئبەنىڭ ئوغلىدۇر. ھەزرىتى ئۆمەرنى ئەبۇ ھەفسە دەپ كۇنىيەت قىلىنىدۇ. بۇ كىشىنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى ھەمتەمە بولۇپ ھاشىمنىڭ قىزى، ھاشىم مۇغىرەنىڭ ئوغلى، مۇغىرە ئابدۇللانىڭ ئوغلى، ئابدۇللا ئەمرنىڭ ئوغى، ئەمر مەخسۇمنىڭ ئوغلىدۇر.

ھەزرىتى ئۆمەرنى فارۇق (ھەق بىلەن ناھاقنى ئايرىشتا بەك ماھىر، ئادىل) دەپ لەقەم قىلىناتتى. بۇ لەقەمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قويغان ئىدى. ئەبى سەئدى ئەييۇب ئىبنى مۇسادىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئىبنى مۇسا ئېيتىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ھەقنى ئۆمەرنىڭ تىلى ۋە دىلى بىلەن سۆزلەتتى، ئۆمەر فارۇقدۇركى ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىنى ئايرىدى».

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ فۇججار ئەزەمدىن تۆت يىل كېيىن تۇغۇلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن **30** يىل بۇرۇن تۇغۇلغان بولىدۇ. يەنى رەسۇلۇللاھدىن **10** ياش كىچىك، بەزىلەر رەسۇلۇللاھدىن ئون ئۈچ يىل كېيىن تۇغۇلغان دەيدۇ. مۇشۇ رىۋايەتلەرگە ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۆمەرنىڭ ئارىسىدا **10** يىلدىن **13** يىلغىچە پەرق بولغان بولىدۇ.

# ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇش ۋەقەسى مەشھۇردۇر. بۇنى تارىخچى ۋە رىۋايەتچىلەر ناھايىتى تولۇق سۆزلەيدۇ، بىز بۇ يەردە ئىبنى ھىشام «سىيرەت» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان سۆزنىڭ خۇلاسىسىنى كەلتۈرىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسھابىلىرى بىلەن ئەرقەم ئىبنى ئەبىل ئەرقەمنىڭ ھويلىسىدا ساھابىلىرىگە قۇرئان ئۆگىتىش ئۈچۈن جۇغلىشىپ ئولتۇرغان ۋاقىتتا بۇنىڭ خەۋىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا يېتىپ كەلدى. ئۆمەر بۇنى ئاڭلاپ قىلىچىنى ئېسىپ بىر يامانلىقنى ئىرادە قىلىپ ئۇلار تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭغا يولدا نەئىم ئىبنى ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىر مۇشرىك يولۇقۇپ قالدى ــ دە ئۆمەرگە: «ئى ئۆمەر! قەيەرگە ماڭدىڭ؟» دېدى. ئۆمەر: «قۇرەيش ئىچىنى پارچىلاپ، قۇرەيشنىڭ ئەقىللىقلىرىنى گالۋاڭ دەپ ئۇنىڭ دىنىنى ئەيىبلەپ، ئىلاھلىرىغا تىل تەككۈزگەن، ئاتا ــ ئانىسىنىڭ دىنىدىن چىقىپ كەتكەن مۇھەممەدنى ئىرادە قىلىپ ماڭدىم، ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىمەن» دېدى. ئۆمەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نەئىم ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن ئۆزەڭنى ئالداۋاتىسەن ئۆمەر، ئەگەر سەن مۇھەممەدنى ئۆلتۈرسەڭ ئابدۇماناپ ئەۋلادى مېنى زېمىندا تىرىك قالدۇرىدۇ، يەر يۈزىدە مېڭىپ يۈرەلەيمەن دەپ قارامسەن؟ بۇنى قىلغۇچە ئائىلەڭگە بېرىپ ئاۋۋال ئۇلارنى تۈزىسەڭ بولمامدۇ؟» ئۆمەر ئېيتتىكى: «ئائىلەمدىن كىمنى دېمەكچىسەن؟» نەئىم ئېيتتىكى: «سېنىڭ سىڭلىڭ فاتىمە ۋە ئېرى سەئىد ئىبنى زەيدنى» دېدى.

بۇ ئىككىسى ئۆمەرگە ئۇقتۇرماي مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئۆمەر دەرھال سىڭلىسى بىلەن ئېرىنىڭ تۇرىدىغان ئۆيىگە قايتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ قېشىدا خەبباب ئىبنى ئەرەتتۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىسگە قۇرئان ئۆگىتىۋاتاتتى. ئۇلار ئۆمەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا خەبباب ئۆينىڭ بىر بۇرجىكىگە يوشۇرۇنۇۋالدى. فاتىمە ئوقۇۋاتقان سەھىپەنى (ئايەت يېزىلغان قەغەزنى)

لۇتىسىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى. ئۆمەر ئۆيگە كىرگەن ۋاقىتتا خەببابنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئىدى. «مەن ئاڭلىغان ئاۋاز نېمە ئاۋاز؟» دېدى. ئىككەيلەن ئۇنىڭغا «ھېچنېمە ئاڭلىمىدىڭ، بىر ئىش يوق، ھېچ گەپ يوق» دېدى. ئۆمەر: «ئۇنداق ئەمەس، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە مەن سىلەر ئىككىڭلارنىڭ مۇھەممەدنىڭ دىنىغا ئەگەشكەنلىكىڭلاردىن خەۋەر تاپتىم» دېدى ۋە سىڭلىسىنىڭ ئېرى سەئىدنى تۇتۇۋىدى، سىڭلىسى فاتىمە ئۇنىڭ ئېرىنى ئۇرۇشىدىن قورقۇپ توسۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى، ئۇندىن كېيىن ئۆمەر سىڭلىسىنى ئۇردى ــ دە بېشىنى يېرىۋەتتى. مۇشۇ ئىشلارنى ئۆمەر قىلغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا سىڭلىسى ۋە ئۇنىڭ ئېرى بىردەك: «ھەئە، ھەقىقەتەن مۇسۇلمان بولدۇق ۋە ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭغا پەيغەمبىرگە ئىمان ئېيتتۇق، ئەمدى خالىغىنىڭنى قىل» دېدى. ئۇندىن كېيىن ئۆمەر سىڭلىسىنىڭ يۈزىدىكى قاننى كۆرۈۋىدى، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلدى ۋە سىڭلىسىدىن ھېلىقى سەھىپەنى ئوقۇشنى تەلەپ قىلدى. سىڭلىسى ئۆمەر غۇسلى قىلمىغۇچە سەھىپىنى بېرىشكە ئۇنىمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۆمەر غۇسلى قىلدى. ئۆمەر سەھىپەنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇۋىدى (ئۇ خەت يازالايدىغان ھەم ئوقۇيالايدىغان كىشى ئىدى): «مۇنداقمۇ چىرايلىق، مۇنداقمۇ مەنىسى چوڭقۇر ئۇلۇغ سۆز بارمۇ؟» دەپ كەتتى. ئۆمەرنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ خەبباب ئۇنىڭ قېشىغا چىقىپ دېدىكى: «ئى ئۆمەر! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ جەزمەن سېنى پەيغەمبىرىمىنىڭ دۇئاسىغا خاس قىلغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، چۈنكى مەن تۈنۈگۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىدىم: «ئى ئاللاھ! ئىسلامنى ئەبۇ ھەكەم ئىبنى ھىشام بىلەن ياكى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن كۈچلەندۈرگىن!»». ئۆمەر: «ئى خەبباب! مېنى مۇھەممەدنىڭ قېشىغا باشلاپ ئاپارغىن. مەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ مۇسۇلمان بولىمەن» دېدى. خەبباب باشلاپ ئاپىرىپ قويدى. ئۆمەر بېرىپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى قاقتى. ئۇندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ بىرسى ئورنىدىن تۇردى ــ دە ئىشىكنىڭ يۇچۇقىدىن قاراپ قىلىچىنى ئېسىپ تۇرغان ئۆمەرنى كۆردى. بۇ ساھابە بىئارام بولغان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ كەلگەن ئادەم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىكەن،

قىلىچى ئېسىلغلىق، قۇرال ئېلىپ كەپتۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «كىرسۇن، رۇخسەت بەرگىن، ئەگەر ئۇ ياخشىلىقنى خالاپ كەلگەن بولسا ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىمىز، ئەگەر ئۇ بىرەر يامانلىقنى ئىرادە قىلىپ كەلگەن بولسا ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىچى بىلەن ئۆلتۈرىمىز» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا كىرىشكە رۇخسەت بەرگىن» دېدى. ھېلىقى ساھابە ئۆمەرنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر تەرەپكە قوپۇپ ئالدىغا مېڭىپ ھەتتا ئۇنىڭ ئۇنىڭغا ئۇچراشتى ۋە ئۇنىڭ بىلىنى (يەنى ئىشتان باغلايدىغان يېرىنى) تۇتتى. ئۇندىن كېيىن ئۇنى كۈچ بىلەن تارتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى خەتتاب ئوغلى، سېنى بۇ يەرگە نېمە ئېلىپ كەلدى؟ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سەن يامان نىيەت بىلەن كەلگەن بولساڭ ئاللاھ تائالا ساڭا بىر ھادىسەنى چۈشۈرمەي تۇرۇپ قايتىشىڭنى كۆرمەيمەن». ئۆمەر دېدىكى: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سېنىڭ قېشىڭغا ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ۋەھيىگە ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن كەلدىم». بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەكبىر ئېيتتى (يەنى الله اكبر) دېدى. شۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھ تائالا ئىسلامنى ئۆمەرنىڭ فارۇقنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن غالىب قىلدى. ئىمام بۇخارى توغرا سەنەت بىلەن ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئابدۇللا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر مۇسۇلمان بولغاندىن باشلاپ بىز ھەمىشە غالىب بولدۇق».

## ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ سۈپەتلىرى

### 1. تەن قۇرۇلۇش سۈپەتلىرى

ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر قىزىلغا مايىل ئاق كىشى بولۇپ، بويى ئېگىز، مېڭىسىنىڭ چېچى

يوق، چېچى ئـاقۋاش ئـىدى ۋە جـىسمى بەك چـوڭ بولـۇپ گويـاكى ئۇلاغقـا مىنگەندەك كىشىلەر ئارىسىدا ئالاھىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، ھەمـدە چەپچـى، يەنى سول قولىدا ئىش قىلىدىغان كىشى ئىدى».

## 2. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئەخلاقى سۈپەتلىرى

شەكسىزكى، بۇ كىشى ئەخلاقتا ئەڭ ئالىي پەللـىدە بولغـان ئـىدى. بـۇ كىشى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك قۇچىغىدا ۋە ئىسلام يولى بىلەن ۋەھيىنىڭ يەنى قۇرئاننىڭ نـازارىتى ئاسـتىدا تەربىـيەلەپ چىققـان كىـشىلەرنىڭ ئەڭ ئېـسىلى تۇرسـا قانـداقمۇ ئـالىي ئەخلاقتـا بولمـىسۇن!؟ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئەخلاقىنى بىر نەچچە قۇرلاردا يېزىپ چىقىشىمىز ئاسـان ئەمەس. لېكىن بىز بۇ كىـشىنىڭ ئەخلاقىنـى ئىخچاملاشـتۇرۇپ، ھەممىنـى ئۆزىگە جۇغلىغان بىر نەچچە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ھەقتە چىڭ تۇرىدىغان، زېرەك، ئۆتكۈر پىكىرلىك، دىن ئۇچـۇن غەيرەتلىـك، شىجائەت كۆرستىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەك ۋاپـادار، باشـقىلارغا بەك ھەيۋەتلىك، بەك قـاتتىق تەقـۋادار، قۇرئانـدىن قـاتتىق تەسـىرلىنىدىغان، پۈقرالاردىن ھېساب ئېلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىدىن ھېساب ئالـىدىغان، كامىـل ئاداللەتلىك كىشى ئىدى.

ئـۇمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنـىڭ شەخـسىيىتى بولـسا: ھەر تەرەپـتىن مۇكەممەل يېتىشكەن ۋە شۇنداق مۇكەممەللىكنىڭ يانىدىغان ئورنى بولغان بىر شەخـسىيەت ئـىدى. بۇنـداق ئـىش ھەزرىتـى ئۆمەرنىـڭ پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدرىسىگە كىرىپ شـۇ مەدرىـستە قولغـا كەلتـۈرگەن كەم تېپىلىدىغان نادىر خۇسۇسىيەتتۇر. دېمەك، بۇنداق خۇسۇسـىيەتنىڭ ئىنـسانى سۈپەتلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، قۇماندانلىق سۈپەتىنىڭ تولىسىنى جۇغلىغان بىر ئىنسانىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ھەق ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر دەۋەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئالىي سـۈپىتىنى ئـۆزىگە مۇجەسـسەملىگەن ئۇلۇغ بىر دەۋەتچـى ئـىدى. يۇقىرىقىلارنىـڭ ئۇسـتىدىمۇ ئـۇمەر ھەر قانـداق ماختاش ئىبارىلەر كىشىلەر قايىل بولارلىق ئىشتۇر (يەنى ھەر قانچە تەرىپىنـى

قىلسىمۇ ئاز كىلىدىغان، كىشىلەر قايىل بولىدىغان كىشى). بۇ كىشىنى ئابدۇللانىڭ قىزى ئۇلۇغ ساھابە ئايال شىفا تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇمەر سۆزلىسە ئاڭلىتىپ سۆزلەيدىغان، ماڭسا تېز ماڭىدىغان ۋە ئۇرسا جاراھەتلەنگىدەك ئۇرىدىغان كىشى ئىدى. ھالبۇكى ئۇ بەك ئىبادەت قىلىدىغان كىشى ئىدى».

## ھەزرىتى ئۇمەرنىڭ قەۋمى ئالدىدىكى مەرتىبىسى

ئۇمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرەيشنىڭ شەرەپلىكلىرىدىن ئىدى. چۈنكى ئۇ جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەلچىلىك خىزمىتىنى قىلاتتى. قۇرەيش بىلەن باشقىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرسە ياكى زىتلىشىپ قالسا ياكى بىر ـ بىرى بىلەن پەخىر قىلىشىپ قالسا، ئۇمەر ئۇلارنىڭ ئىشىدا ئەلچى بولاتتى ۋە قۇرەيش تەرىپىدە تۇرۇپ زىددىيەتلەشكۈچى ۋە پەخىر قىلغۇچى بولاتتى. ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولۇۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ پەزىلەتلىكلىرىدىن، ئەۋزەللىرىدىن بولدى. دېمەك، ئۇ جاھىلىيەتتە شەرەپلىك ئىدى، ئىسلامدىمۇ شەرەپلىك بولدى. جاھىلىيەتتە قەھرىلىك ئىدى، ئىسلامدا بەك ھەيۋەتلىك بولدى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەر ئالتۇن ـ كۈمۈش كانلىرىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتتىكى ياخشىلىرى دىنىنى چۈشەنسە ئىسلامدىمۇ ياخشىلاردىن بولىدۇ.

## ھەزرىتى ئۇمەرنىڭ ئىمانى

ھەزرىتى ئۇمەر قۇرئاننى ئاڭلىغان بىرىنچى ۋاقىتتىن تارتىپ ئۇنىڭغا توغرا ئىمان سېزىمى ئىگە بولۇۋالدى. چۈنكى ئاللاھنىڭ سۆزى قۇلاققا ئاڭلانغان ۋاقىتتا كاتتا ئىمان دولقۇنى بىلەن يۈرەككە مەدەت بېرىش ئۈچۈن

توختىماستىن يۈرەكنىڭ قېتىغا تىگىدۇ (يەنى تەسىر قىلىدۇ). لېكىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا. تارىختا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جۇرجىدار تەرەپكە مېڭىۋېتىپ بىر ئادەمنىڭ كېچىدە قوپۇپ تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھۇشىدىن كېتىپ يىقىلغانلىقى ۋە بىر ئاي كېسەل بولۇپ قالغانلىقى ھەمدە خالايىقنىڭ ئۇنى يوقلاپ تۇرغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

«تۇر تېغى بىلەن قەسەمكى، ئوچۇق قەغەزگە يېزىلغان كىتاب (يەنى قۇرئان) بىلەن قەسەمكى، بەيتۇلمەئمۇر بىلەن قەسەمكى، ئاسمان بىلەن قەسەمكى، (قىيامەت كۈنى) ئوت بولۇپ ياندۇرۇلغان دېڭىز بىلەن قەسەمكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى چوقۇم يۈز بەرگۈسىدۇر. ئۇنىڭغا ھېچ ئادەم قارشى تۇرالمايدۇ.» (سۈرە تۇر 1 ـ 8 ئايەت)

ئۆمەر ئاڭلىغان ئايەت مۇشۇ ئىدى. يۇقىرىقىدەك ھەزرىتى ئۆمەر قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدىن بىرەر ئايەتنى ئاڭلىسا ياكى ئوقۇسا يىغلاپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشەتتى. ئۇندىن كېيىن ئۆيىدە يېتىپ قالاتتى ـ دە كىشىلەر ئۇنى كېسەل دەپ گۇمان قىلىپ يوقلاپ تۇراتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىمانىنىڭ مىقدارىغا ئىمامى بۇخارى سەھىھ كىتابىدا ئەبى سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستىن بەكىراق دالالەت قىلىدىغان سۆز يوق، ئەبى سەئى ئېيتىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «بىر ۋاقىتتا مەن ئۇخلاۋاتتىم، چۈشۈمدە كىشىلەرنى كۆردۇم، ئۇلار ماڭا توغرا قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە كۆينەك بار ئىدى، ئۇ كۆينەكلەرنىڭ بەزىسى ئەمچەككىچە يەتكەن، ئۇنىڭ بەزىسى ئۇنىڭ تۆۋەنگىرەك چۈشكەن. ۋە ماڭا ئۆمەر توغرا قىلىندى، ئۇنىڭ ئۈستىدە سۆرىلىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن كۆينەك بار ئىدى»، ساھابىلار بۇ كىشىنى نېمىگە ئورىدىڭ؟ (يەنى ئۆمەرنىڭ ئۇزۇن كۆينىكىنى نېمە دەپ چۈشەندىڭ؟) دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دىنغا» دېدى». بىزگە مىسۋەر ئىبنى مەخزۇمە سۆزلەپ بىرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا چاپلىشىۋالاتتۇق (يەنى يېنىغا بېرىۋالاتتۇق)، ئۇنىڭدىن تەقۋادارلىقنى، پەرھىزكارلىقنى ئۆگىنەتتۇق».

بىر قېتىم مىسۋەر ئىبنى مەخزۇمە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە

www.uyghurkitap.com

سۆزلەۋاتقانلىقىنى ۋە مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغان: «ئى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب! سەن مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى بولۇپ قالدىڭ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە سەن ئاللاھدىن قورقىسەن ياكى ئاللاھ سېنى چوقۇم ئازابلايدۇ (يەنى ئاللاھدىن قورقمىساڭ ئاللاھ سېنى ئازابقا دۇچار قىلىدۇ)».

## ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھەيۋىتى

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەر ـ ئايال ھەتتاكى شەيتانمۇ ئەيمىنىدىغان شەخسىيىتى كۈچلۈك كىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرگە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، يولدا ساڭا شەيتان ئۇچرىمايدۇ. ئەگەر ئۇچرىشىپ قالغىلى قوپسا سەن ماڭغان يولنىڭ باشقىسىدا ماڭىدۇ.»

مۇھەممەد ئىبنى سەئىد دادىسى سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىدى، ھالبۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا قۇرەيشلىك بىر نەچچە ئايال بار بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىدىن ئۈستۈن ئاۋازدا سۆزلەپ كۆپ گەپ قىلىشىۋاتاتتى. ھەزرىتى ئۆمەر رۇخسەت سورىغاندا ئۇلار قوپۇپلا يۈگۈنىشكە ئالدىراپ كەتتى. ئۇندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرگە روخسەت بەردى، ئۆمەر ئۆيگە كىردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈشۈۋاتاتتى، ئۆمەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ سىنىڭ چىشىڭنى كۈلدۈرسۇن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مەن ئاشۇ ئاياللارغا ئەجەبلىنىپ قالدىم، ئۇلار مىنىڭ قېشىمدا ئىدى، ئۇلار سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلاپلا يۈگۈنىشكە ئالدىراپ كەتتى»، ئۆمەر دېدىكى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنىڭ ئەيمىنىشىگە سەن ھەقلىق»، ئۇندىن كېيىن ئۆمەر مۇنداق دېدى: «ئى ئۆز نەپسىنىڭ دۈشمەنلىرى! سىلەر مەندىن ئەيمىنىسىلەر، ۋاھالەنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەيمەنمەمسىلەر؟»».

مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋاقىتتا ھەممىسى مەخپىي ھىجرەت قىلغان ئىدى. لېكىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىلىچىنى ئېسىپ كىلىپ بەيتۇللانى تاۋاپ قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ناماز ئۆتىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرەيشنىڭ يۈزىگە قاراپ: «مۇشۇ يۈزلەر قەبىھلىشىپ كەتسۇن! ئاللاھ تائالا مۇشۇنداق مۇغەمبەرلەرنىلا خار قىلىدۇ، راستىنلا مەن ھىجرەت قىلغۇچىدۇرمەن، بالىسىنى يېتىم قىلدۇرۇشنى ياكى ئانىسىنى يىغلىتىشنى خالىغان كىشى مۇشۇ ۋادىنىڭ كەينىدە مەن بىلەن ئۇچراشسۇن (يەنى مېنى توسۇشنى ئىرادە قىلغان كىشىنى ئۆلتۈرىۋېتىمەن)» دېدى.

قۇرەيش مىدىرلىماي شۈك تۇرۇپ قالدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى، ئەلۋەتتە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھەيۋىتى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قارشى تۇرۇشتا ئەقىدە ئىشلىتىشتىنمۇ كۈچلۈك بولغان ئىدى (يەنى ئۆمەرنىڭ ھەيۋىتى ئۇلارنى ئۆمەرگە قارشى تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە پىكىر قىلىشتىنمۇ توسۇپ قويىدى). شۈبھىسىزكى، ئۇلار ھەممىسى بىرلىكتە بولسا ھەزرىتى ئۆمەردىن كۈچلۈك ئىدى، لېكىن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھەيۋىتى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى ئېلىپ كەتتى.

## ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھەقتە چىڭ تۇرۇشى

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى ئېتىقاندەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن ياردەمچىسى ئىدى. دېمەك، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەقتە چىڭ تۇرىدىغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاللاھ يولىدا كەلگەن ئىشقا مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتى تەسىر قىلمايتتى. بۇ كىشىنىڭ ھەقتە چىڭ تۇرۇشىنى كۆرسىتىدىغان مەيدانلارنىڭ بىر نەچچىسى تۆۋەندىكىچە:

**1.** مۇناپىقلارنىڭ باشلىقى ئىبنى سۇلۇل مۇسۇلمانلار زاتورىقا جېڭىدىن قايتىش يولىدا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا پىتنە تاشلاشنى قەست قىلىپ: «مەدىنىگە قايتساق ئەڭ ئەزىز ئادەملەر (يەنى ئۆزىنى دېمەكچى) ئەڭ خار

www.uyghurkitap.com

ئادەملەرنى (يەنى رەسۇلۇللاھنى ۋە مۇئمىن مۇھاجىرلارنى دېمەكچى) مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ» دېگەن ۋاقتىدا، ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا رۇخسەت قىلغىن، مەن بۇ مۇناپىقنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن».

2. ھاتەب ئىبنى ئەبى بەلتە مەككىگە مەخپىي خەت ئەۋەتىپ ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە بارىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ خاتالىق ئۆتكۈزگەن كۈندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاتەبنى سوراق قىلىش ئۈچۈن چاقىرتتى. ھەزرىتى ئۆمەر بۇنىڭغا سەۋرى قىلالماي: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا رۇخسەت قىلغىن، مەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرگە: «ئۇ بەدرى غازىتىغا قاتناشقان» دېدى (يەنى ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ).

3. ھۇدەيبە كۈندىكى كېلىشىمگە ئەڭ دەسلەپ ھەزرىتى ئۆمەر رازى بولماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ھەق ئۈستىدە، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) باتىل ئۈستىدە ئەمەسمۇ؟» دېۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەر: «بىز تەرەپتىن شېھىت بولغانلار جەننەتتە، ئۇلار تەرەپتىن ئۆلگەنلەر دوزاختا بولمامدۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەر دېدىكى: «ئەمىسە نېمە جەھەتتىن دىنىمىزغا تۆۋەنلىك بېرىمىز، ئاللاھ تائالا بىز بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم قىلماي تۇرۇپ (يەنى ئاللاھ تائالا ئوچۇق ئايەت چۈشۈرمەي تۇرۇپ) ياكى ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپ قانداق قايتىپ كېتىمىز؟». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «ئى ئۆمەر! مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئاللاھ تائالا مېنى ھەرگىز زايا قىلمايدۇ». ھەزرىتى ئۆمەر ئەبۇ بەكرىنىڭ قېشىغا بېرىۋىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىگە ئوخشاش جاۋاب بەردى.

4. بىر مۇناپىق بىلەن بىر يەھۇدىنىڭ دەۋالىشىپ كېلىپ، ئۆز يېرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ قويىدىغان بىر ئادەمنىڭ قېشىغا بېرىشنى ئىرادە قىلغانلىقى، مۇناپىقنىڭ ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سۇلۇلنىڭ قېشىغا بارىمىز

دېگەنلىكى، يەھۇدىنىڭ مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بارمىز دېگەنلىكى، ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىشقانلىقى، نەتىجىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىگە بۇيرۇپ بەرگەنلىكى، مۇناپىقنىڭ ھۆكۈمگە قانماي ئۆمەرنىڭ قېشىغا بارمىز دەپ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈمگە رازى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغانلىقى، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قىلىچىنى سۇغۇرۇپلا مۇناپىقنى ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈمگە قانمىغان ئادەمگە مېنىڭ قىلغان ھۆكۈمىمدۇر دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

## ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پىكرىنىڭ قۇرئان كەرىمگە مۇۋاپىق كېلىشى

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆتكۈر پىكىرلىك، ناھايىتى زېرەك، ئەقلى كۆز قارىشى كۈچلۈك كىشى بولۇپ، نۇرغۇن ئورۇندا ئۇنىڭ پىكرى قۇرئان كەرىمگە مۇۋاپىق كەلگەن ئىدى.

ئىمام بۇخارى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دېدى: «مەن ئۈچ ئىشتا پەرۋەردىگارىمغا مۇۋاپىق كەلدىم:

**1**. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ تۇتساق دېگەنىدىم»:

«ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار).» (سۈرە بەقەر **125** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

دېگەن ئايەت چۈشتى.

**2**. ھىجاب ئايىتى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئايالىرىڭنى پەردىگە يۆگىنىشكە ئەمر قىلساڭ، چۈنكى ئۇلارغا ياخشى ئادەممۇ، يامان ئادەممۇ

سۆز قىلدىكەن» دېدىم. ئۇندىن كېيىن مۇنۇ ھىجاب ئايىتى چۈشتى:

«ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغانىدا ئۇلارنىڭ (ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى) ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ ـ دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. ئاللاھ (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر.» (سۈرە ئەھزاب 59 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى يىغىلىشىپ رەسۇلۇللاھقا قارىتا كۈنلىشىپ قېلىشتى، مەن ئۇلارغا: «ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەرنى قويۇۋەتسە، پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا سىلەردىن ياخشى جۈپلەرنى بېرىشى مۇمكىن» دېدىم، ئۇندىن كېيىن مۇنۇ ئايەت چۈشتى:

«ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا، سىلەردىن ياخشى، (ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچى، (ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە) ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، گۇناھلاردىن تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا بېرىشى مۇمكىن» (سۈرە تەھرىم 5 ـ ئايەت)». (ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھەدىسى تۈگىدى)

ھەقىقەتەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىكرى يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن باشقا قۇرئان كەرىمگە بەدرىدە مۇسۇلمانلار ئەسىر ئالغان ئەسىرلەرنىڭ ۋە مۇناپىقلارنىڭ جىنازا نامىزىنى ئۆتىمەسلىك، ھەمدە ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىشى قىسسەلىرىدە مۇۋاپىق كەلدى. مۇسۇلمانلار بەدرى ئۇرۇشىدا 70 مۇشرىكنى ئەسىر ئالغان. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ھەزرىتى ئۆمەر باشلىق بەزى ساھابىلار تەشەببۇس قىلغان. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى كۆپ ساندىكى ساھابىلار بىر نەچچە ئېھتىمالنى نەزەردە تۇتۇپ، تۆلەم ئېلىپ قويۇپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان. شۇنىڭغا ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تۆلەم ئېلىپ قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، كايىشلىق قىلىپ ئايەت چۈشۈرۈلگەن. دېمەك، شۇ ۋاقىتتا ئۆمەرنىڭ پىكرى قۇرئانغا مۇۋاپىق بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبنى سۇلۇل دېگەن مۇناپىقنىڭ جىنازا نامىزىغا بەزى مەقسەتلەر تۈپەيلىدىن بارغان ئىدى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا

بۇ توغرىدا خاتا دېگەن ئايەت چۈشمىگەن. ئۆمەر بارماسلىقنى مۇۋاپىق كۆرگەن. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇناپىقنىڭ نامىزىغا بارماسلىق توغرىسىدا ئايەت چۈشكەن. ھاراقنىڭ قەتئىي ھارام قىلىنىشىنى ھەزرىتى ئۆمەر تەشەببۇس قىلغان. ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پىكرىنىڭ قۇرئانغا مۇۋاپىق كەلگەنلىكىگە بىز مۇئەييەن خەۋەردار بولغىنىمىز 15 تىن ئارتۇق، لېكىن بۇ ئىشەنچلىك رىۋايەتكە ئاساسەن شۇنداق». ئەمما سۇيۇتى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئابدۇللا شەيبانىنىڭ «ئىككى ئىمامنىڭ پەزىلەتلىرى» دېگەن كىتابىدا ئۇنىڭ ئۆمەر ئۆز پەرۋەردىگارىغا 21 ئورۇندا مۇۋاپىق كەلدى دېگەنلىكىنى كۆردۈم». تىرمىزى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئىبنى ئۆمەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ، ھەم تىرمىزى بۇ ھەدىسنى سەھىھ دېدى، ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى: «كىشىلەر بىر ئىشقا دۇچ كەلسە ئاندىن ئۇ ئىش توغرىسىدا بىر نېمە دېيىشسە، ئۆمەرمۇ بىر نېمە دېسە قۇرئان كەرىم شۇ ئىش توغرىسىدا ئۆمەر دېگەندەك چۈشەتتى».

يۇقىرىقى دەلىللەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەقىقەتەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەقلى ۋە قەلبى قۇرئان بىلەن تەسىرلەنگەن ۋە شەرىئەتنىڭ نىشانلىرىنى روھى، قەلبى، ئەقلى بىلەن ۋە شەرىئەت روھى بىلەن تامامەن يۇغۇرۇلۇپ بىرلىشىپ كەتكەن، تەبىئىي قابىلىيىتى بىلەن بولۇپ كەتكەن ئىدى. دېمەك بۇ كىشى ئۆزىنىڭ سۇزۇك ساپ پىترىتى بىلەن شەرىئەت كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق كەلمىگەن سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى سېزەتتى ۋە يۈز بىرىۋاتقان ھادىسىلەرگە ئىلاج (يەنى داۋا) بولۇپ چۈشىدىغان ئىلاھى بۇيرۇقنىڭ نازىل بولۇشنى بەك ئارزۇ قىلاتتى.

ئى ئۆمەر! ئاللاھ سەندىن رازى بولسۇن. سەن ھەقىقەتەن دۇنيا ئىشلىرىدا ئەقلى كۆز قارىشىڭ ئۆتكۈر، پىكرى نەزەرىيەڭ توغرا ۋە ئىنسانىيەتنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئىچكى ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولۇشۇڭ يۇكسەك بولغان ئىدى. نەتىجىدە قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرىغا مۇۋاپىق كىلىشىڭ بىلەن ساڭا ئاللاھ تەرەپتىن ئۇلۇغلۇق نېسىپ بولدى. ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى بىلەن ئىشارەت قىلدى: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ھەقنى ئۆمەرنىڭ تىلى ۋە دىلى بىلەن

قىلدى».

## ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكنى تاپشۇرۇۋېلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىككە مەسئۇل بولۇشىنى ئىشارەت قىلغان بولسا، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىمۇ خەلىپىلىكنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا ۋەسىيەت قىلغان ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى راستلا مۇشۇ خەلىپىلىك ئىشى توغرىسىدا خالايىققا مەسلىھەت سالغان ئىدى. ئۇلار ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئورۇنباسار بولىدىغان خەلىپىنى تاللاشنى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇشتى. بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

بىر كۈنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خالايىقنى يىغىلىشقا بۇيرۇدى، خالايىق يىغىلدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «ئى خالايىق! ھەقىقەتەن ماڭا ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىدىن سىلەر كۆرۈۋاتقان نەرسە (يەنى ۋاپات بولۇشىنىڭ ئالامەتلىرى) ھازىر بولدى. ھەقىقەتەن سىلەرگە ئىشىڭلارنى باشقۇرىدىغان، سىلەرگە ناماز ئۆتەپ بېرىدىغان، دۈشمىنىڭلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان ۋە سىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان بىر ئادەم بولمىسا بولمايدۇ. ئەگەر خالىساڭلار مەن سىلەر ئۈچۈن ئۆز پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقاي. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوق، مەن سىلەرگە كۆڭلۈمدىكى ياخشىلىقتىن قىلچىلىكمۇ كەم قويمايمەن، يەنى پۈتۈنلەي سىلەرنىڭ ياخشىلىقىڭلارنى ئويلايمەن». بۇ گەپتىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغلىدى، خالايىقلارمۇ يىغلىدى. ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى! سەن بىزنىڭ ئەڭ ياخشىمىز ۋە بىزنىڭ ئالىمراقىمىز. بىزگە ئۆزۈڭ خەلىپە تاللاپ بەر» دېيىشتى. ئەبۇ بەكرى



www.uyghurkitap.com

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن ئۆزۈڭغا قالماي سىلەر ئۈچۈن ئوبدان پىكىر يۈرگۈزىمەن، سىلەرگە سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى خۇدا خالىسا تاللاپ بىرىمەن» دېدى. مانا بۇلار تەرجىمىھال ۋە تارىخ كىتابلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سۆزلىگەن ئەھۋالدۇر.

بىز ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئىبنى سەئىد «تىبغات» ناملىق كىتابىدا كەلتۈرگەن بويىچە كەلتۈرىمىز. ئىبنى سەئىد ئۇزۇن بىر قىسسىنى رىۋايەت قىلىدۇ، ئۇ قىسسەدە مۇنۇلار دېيىلگەن: ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللەنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن. بۇ ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇ قۇھافەنىڭ دۇنيادىن چىقىپ كېتىۋاتقان ھالىتىدە، دۇنيادىكى زامانىسىنىڭ ئاخىرىسىدا ۋە ئاخىرەت زامانىسىنىڭ ئاۋۋىلىدا، ئاخىرەت زامانىسىغا كىرگەن ھالىتىدىكى، بۇ ھالەتتە كاپىرمۇ ئىمان ئېيتىدۇ، فاجىرمۇ جەزمى قىلىدۇ ۋە يالغانچىمۇ تەستىق قىلىدۇ. شۇنداق ھالىتىدىكى ئەھدىسىدۇر دەپ يازغىنىكى، جەزمەن مەن سىلەرگە مەندىن كېيىن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى خەلىپە قىلىمەن. سىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار. ھەقىقەتەن مەن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئۇنىڭ دىنىغا، ئۆزەمگە ۋە سىلەرگە ياخشىلىقنى كەم قويمىدىم. ئەگەر ئۆمەر ئادالەت بىلەن ئىش قىلسا (ئۇ ئادىللىق بىلەن ئىش قىلىش مېنىڭ گۇمانىم ۋە ئۇ توغرىسىدىكى بىلىمىم) ياخشى. ئەگەر خاتا ئىش قىلسا ھەر بىر ئادەمنىڭ گۇناھى ئۆزىگە بولىدۇ. مەن ياخشىلىقنى ئىرادە قىلدىم، لېكىن غەيبنى بىلمەيمەن. ئۆزۈڭغا قالماي زالىملار ئۆزى قايتىدىغان جاينىڭ قايسى جايلىقىنى بىلىپ قالىدۇ. سىلەرگە تېنچ ئامانلىق ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولسۇن».

ئۇندىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۆمەرنى ئايرىم چاقىرىپ ئۇنىڭغا نۇرغۇن ۋەسىيەتلەرنى قىلدى. ئۇندىن كېيىن ئۆمەر ئەبۇ بەكرىنىڭ قېشىدىن چىقىپ كېتىۋىدى. ئەبۇ بەكرى ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئى ئاللاھ! مەن مۇشۇ ۋەسىيەت قىلىش بىلەن پەقەت ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىدىم، ئۇلارغا پىتنە ـ پاسات چۇشۇپ قېلىشتىن قورقتۇم ـ دە ئۇلار

توغرىسىدا سەن ئۇبدان بىلىدىغان ئىشنى قىلدىم. ئۇلار ئۇچۇن پىكرىمنى ئىشقا سالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ كۈچلۈكى بولغان ھەزرىتى ئۆمەرنى مەسئۇل قىلدىم».

بىز بۇ يەردە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ھەزرىتى ئۆمەرنى تاللىشىنىڭ يالغۇز ئۆز پىكرى بىلەن بولمىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتىمىز. چۈنكى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن چەتنەپ كەتمىدى. چۈنكى بۇ ئىش كېڭەش ئاساسىدا بولغان. ھەقىقەتەن ئەبۇ بەكرى ئەسھابىلىرىغا خەلىپە تاللاش ئىشىنى ئۆزگە تاپشۇرامدۇ؟ دەپ مەسلىھەت سالغان ئىدى. نەتىجىدە ساھابىلارنىڭ بىردەك قارارى خەلىپە تاللاش ئىشىنى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىختىيارىغا بېرىش بولدى. چۈنكى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ئۇنىڭغا: «سەن بىزنىڭ ئەڭ ياخشىمىز، بىزنىڭ ئالىمراقىمىز، بىز ئۈچۈن ئۆزۈڭ تاللاپ بەرگىن» دېگىنىدەك شۇنىڭغا لايىق كىشى ئىدى. ھەقىقەتەن ساھابىلارنىڭ ئەبۇ بەكرىگە: «سەن بىزنىڭ ئالىمراقىمىز» دېگەن ۋاقىتىدىكى كۆز قارىشى ئىنتايىن ئىنچىكە بولغان ئىدى. چۈنكى ھاكىمىيەتنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۇنىڭغا مۇناسىپ ۋە مۇناسىپ ئەمەس ئىشلارنى ھېچكىم بۇ ئىشلارنى تەجرىبە قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولغان ھەمدە دۆلەت شارائىتىنى تونۇغان ۋە ئۇ دۆلەتنى قورشاپ تۇرغان تۈرلۈك خەتەرلەر ۋە بۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان مەسئۇلىيەتلەرنى تونۇغان ئادەمنىڭ بىلگىنىدەك بىلمەيدۇ. ھەقىقەتەن ھەزرىتى ئۆمەر مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان مۇناسىپ ئادەم ئىدى.

ئى ئەبۇ بەكرى! ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن. شۈبھىسىزكى، سەن تاللىدىڭ، تاللىغاندىمۇ بەك ياخشىسىنى تاللىدىڭ، چۈنكى دۆلەت ئۆمەردەك شىددەتلىك، ئۆمەردەك كۈچلۈك، ئۆمەردەك ئادىل بىر ئادەمگە مۇھتاج ئىدى. چۈنكى مۇسۇلمانلار پارس ۋە رۇم بىلەن قاتتىق ئۇرۇشلاردا ۋە شىددەتلىك جەڭ مەيدانلىرىدا گىرەلىشىپ كەتكەن ئىدى.

# ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك بایاناتى

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرەتنىڭ 13 ـ يىلى جامادىيەل ئاخىر ئېيىنىڭ 22 ـ كۈنى سەيشەنبە كېچە ۋاپات قىلغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئۆمەرىل فارۇق سەيشەنبە ئەتىگەن خەلىپىلىكنى قوبۇل قىلدى. ھەمدە خۇتبە ئوقۇدى. ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ تۇتىدىغان يولىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئالالاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقاندىن كېيىن، جەزمەن مەن سىلەرگە مۇپتىلا قىلىندىم، سىلەرمۇ ماڭا مۇپتىلا قىلىندىڭلار. ئىككى ھەمراھىمدىن كېيىن (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرىدىن كېيىن) سىلەرگە خەلىپە قىلىندىم. ھەر قانداق ئادەم بىز بار يەردە بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە ئۆزىمىز سۆزلىشىمىز. ھەر قانداق ئادەم بىزدىن يىراقتا بولسا بىز ئۇنداق كىشىنىڭ ئىشىغا كۈچ ۋە ئىشەنچ ئەھلىنى مەسئۇل قىلىمىز. ھەر قانداق ئادەم ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنىڭغا ياخشىلىقنى زىيادە قىلىمىز. ھەر قانداق ئادەم جىنايەت ئۆتكۈزسە ئۇنى جازالايمىز. ئالالاھ بىزنى ۋە سىلەرنى مەغپىرەت قىلسۇن».

كىشىلەر ئۆمەرنىڭ قاتتىقلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ كۈچىدىن قورقاتتى. ھەزرىتى ئۆمەر بۇنى سېزىپ، ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئى ئالالاھ! مەن ھەققەتەن قاتتىقدۇرمەن، مېنى يۇمشاق قىلغىن. شۈبھىسىزكى مەن ئاجىزدۇرمەن، مېنى كۈچلەندۈرگىن. مەن بېخىلدۇرمەن، مېنى سېخى قىلغىن».

ھەزرىتى ئۆمەرگە خەلىپىلىك تاپشۇرۇلغان ۋاقىتتا ئۇ ساھابىلىرىغا قاراپ مۇنداق دېدى: «سىلەر مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىسىدا بولغىنىمدەك قاتتىق، قوپال دەپ گۇمان قىلماڭلار. چۈنكى مەن ئۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئىدىم، ئەبۇ بەكرى خەلىپە

بولدى، مەن يەنىلا يۇقىرىقىدەك بولدۇم (يەنى ئەبۇ بەكرىگە مۇھاپىزەتچى بولدۇم)، ئەمما ماڭا خەلىپىلىك ئىشى تاپشۇرۇلدى، ئەمدى مەن ھەق ئالدىدا سىلەرنىڭ ئاجىزراقىڭلاردۇرمەن».

## ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرى

ھەقىقەتەن ئۆمەرىل فارۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكى ئۇلۇغ ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلىپىلىك بولدىكى، ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ئۇلۇغ ئىشلارنى ئىسلامنى نەشىر قىلىش، ئاللاھنىڭ كەڭ زېمىنىغا ھەقىقەت بايرىقىنى تىكلەش، ھاكىمىيەت ئاساسىنى مۇستەھكەم بىكىتىش ۋە ئەتراپقا كېڭىيىۋاتقان دۆلەتنىڭ تەبىئىتى تەقەززا قىلىۋاتقان ھاكىمىيەت تۈزۈملىرىنى بىكىتىپ چىقىش ئۈچۈن تەقدىم قىلدى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسە قىلىشقا قادىر بولىمىز.

**1. ئىسلامى پەتھىلەرگە يۈرۈش قىلىش.**

ئىسلامى قوشۇنلار ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ زامانىسىدا ئۈچ تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ ئۇرۇش قىلدى.

*بىرىنچى تەرەپ، پارس تەرەپ.*

ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپىلىككە مەسئۇل بولغان ۋاقىتتا ھەمدە ھىجرىيىنىڭ **14** ـ يىلىدا فاتىھ قوشۇنىغا ئارقا بازا ۋە شۇ قوشۇننىڭ ئەسكىرى ھەربىي ئاساسلىرىغا بارگاھ قىلىش ئۈچۈن ئىراقتا ئىككى شەھەر بىنا قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ ئىككى شەھەر بولسا بەسرە بىلەن كۇفە ئىدى. مۇسۇلمانلار بىلەن پارسلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش فۇرات زېمىنىدا مۇسۇلمانلار بىلەن

يۇزمۇ ـ يۈز پارسلارنىڭ قەبىلە توپلانما شـەكلىدە داۋاملاشـتى. يەنـى پـارچە قۇماندانلىق ئاستىدا مۇسۇلمانلار بىلەن دەلمۇ ـ دەل تۇرۇپ قىلغان. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى بەسرىگە ۋالىي بولغان ۋاقىتتا ئىش يۇقىرىقىدەك داۋاملاشتى. لـېكىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئەھـمەد ئىبنـى قەيـسنىڭ پەتھـى قىلىـش دائىرىـسىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا بەرگەن پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەبۇ مۇسـا ئەشـئەرىگە بەسرەدىن يېقىنراق چىقىپ، شۇ جايدا ئۆزىنىـڭ بـۇيرۇقى كەلگـىچە تـۇرۇپ تۇرۇش بۇيرۇقى چىقاردى. ئۇندىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەر ئەبۇ مۇسـاغا ئەجەم شەھەرلىرىگە (يەنى پـارس شـەھەرلىرىگە) يـۈرۈش قىلىـدىغان ئەمىرلەرنىـڭ بايرىقىنى ئەۋەتتـى. ئەمىـرلەر يەتـتە ئىـدى. **1** ـ ئەھـمەد ئىبنـى قەيـسكە تاپشۇرۇلغان خۇراسان بايرىقى (يەنى خۇراساننى ئازات قىلىش ئۈچۈن ماڭغان قوشۇننىڭ بايرىقى). **2** ـ مەجاشى ئىبنى مەسئۇدقا تاپشۇرۇلغان ئەبدىش كۈرە بايرىقى (يەنى شۇ جايغا ماڭغان قوشـۇننىڭ بـايرىقى). **3** ـ ئوسـمان ئىبنـى ئەبۇلئاس سەغەتىگە تاپشۇرۇلغان ئىـستەخەر دېـگەن جايىنـىڭ بـايرىقى. **4** ـ سارىيە ئىبنى زەينەمـىل كانانىغـا تاپـشۇرۇلغان كۇسـا ۋە دارىـئەبجەد دېـگەن جايىنىڭ بايرىقى. **5** ـ سۇھەيل ئىبنى ئەدىـگە تاپـشۇرۇلغان كىرمـان دېـگەن جايىنىڭ بايرىقى. **6**. ئاسىم ئىبنى ئەمىـرگە تاپـشۇرۇلغان سىزىـشتان دېـگەن جايىنىڭ بايرىقى. **7** ـ ھەكەم ئىبنى ئەمرىل تەغلەبىگە تاپشۇرۇلغان مىكـران دېگەن جايىنىڭ بايرىقى. بۇ قوشۇنلار پەتھـى قىلىـشقا بۇيرۇلغـان ئـورۇنلارنى مەقسەت قىلىپ، بەسرەدىن يۈرۈپ كەتتى. دېمەك ئەھمەد ئىبنى قەيس ئـۆز قوشۇنى بىلەن ھىجرىيە **18** ـ يىلى (بەزىلەر **22** ـ يىلى دەيـدۇ) خۇراسـانغا يۈرۈش قىلىپ بۇ شەھەرگە تىپسىن دېگەن جايدىن كىردى. ھەمدە ھىراتنـى قۇرال كۈچى بىلەن پەتھى قىلدى.

ئۇندىن كېـيىن مەرۋى شـاھىجانغا يـۈرۈش قىلـدى ۋە قۇمانـدانلىرىنىڭ بەزىسىنى نىسابۇرغا، بەزىسىنى پەرخەسكە ئەۋەتتى، ئۇلار ئـۇ جـاينى پەتھـى قىلدى. ئۇندىن كېيىن ئەھمەد ئىبنى قەيسكە كۇفەلىكلەردىن ياردەم كەلـدى. كېيىن بۇ قوشۇن مەرۋىل روزىگە يۈرۈش قىلىـپ ئـۇ جـاينى پەتھـى قىلـدى. ئاخىرىـدا خۇراسـانلىقلار نـسابۇر بىـلەن تۇخارىـستان ئوتتۇرىـسىدا سـۇلھى تۈزۈشكە كىردى، يەنى سۇلھى تۈزدى. ئەھمەد ئىبنى قەيس پەتھى خەۋىرىنى

www.uyghurkitap.com

ھەزرىتى ئۆمەرگە خەت ئارقىلىق ئۇقتۇردى.

مەجاشى ئىبنى مەسئۇد سەلەمگە كەلسەك، ئۇ سابۇرغا ۋە ئەبدىشۇرغا يۈرۈش قىلدى. نەتىجىدە پارسلار بۇ ئىككى شەھەرگە يېقىن تەۋزىش دېگەن جايدا ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. مەجاشى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇلارنى مەغلۇب قىلىپ ئۇلاردىن كۆپ ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە تەۋزىشنى پەتھى قىلدى. ئۇلار بىلەن جىزيە (باج) بېرىشكە كېلىشىم تۈزدى ۋە پەتھى خەۋرىنى ھەمدە غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ھەزرىتى ئۆمەرگە ئەۋەتتى. غەنىمەت مال ئۆمەر ئارقىلىق دۆلەت غەزنىسىگە تاپشۇرۇلدى.

ئوسمان ئىبنى ئەبىل ئاس ئىستەخرنى مەقسەت قىلىپ ماڭدى. ئۇنىڭغا ئىستەخر ئەھلى جۇر ناملىق ئورۇندا قارشى توپلىشىپ كەلدى. نەتىجىدە بۇ ئەمىر ئۇلارنى مەغلۇب قىلدى، ھەمدە جۇز، ئىستەخرنى پەتھى قىلدى، ئۇلارغا جىزيەنى بەلگىلىدى. ئۇندىن كېيىن كارۇزنى ۋە لوبەنبجاننى پەتھى قىلدى، ھەمدە يۇقىرىقىلارنىڭ زېمىنىگە غالىب بولدى. ئۇندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى قوشۇلدى ـ دە بۇ ئىككىس چىبروز ۋە ئەرجەننى جىزيە ۋە خىراج ئېلىش شەرتى بىلەن پەتھى قىلدى (يەنى مۇسۇلمان بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دۆلىتىگە جىزيە باج تۆلەيدۇ).

سارىيە ئىبنى زەينەمىل كانانى كوسا ۋە دارىئەبجەدگە يۈرۈش قىلىپ، شۇ جايلارنىڭ ئاھالىسىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ شەھەر ئەھلى پارس قەبىلىلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ سارىيە ئىبنى زەينەمى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن بىر سەھرادا ئۇچراشتى. شۇ ۋاقىتتا ھەزرىتى ئۆمەر مەدىنىدە مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدىكى تاغقا بېرىۋېلىشنى ئىشارەت قىلىپ: ئى سارە تاغقا كەل، تاغقا كەل دەپ نىدا قىلىۋىدى، بۇنى سارە ئاڭلاپ تاغنىڭ يېنىغا بېرىۋالدى، ئۇندىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا غەلىبە نۇسرەت ئاتا قىلىش بىلەن شەھەرنى پەتھى قىلىپ بەردى، مۇشرىكلار مەغلۇب بولدى.

سۇھەيل ئىبنى ئەدىگە كەلسەك ئۇ ئىنسەھ ئەمرىدىن ئىدى. ئۇ كىرماننى مەقسەت قىلىپ ماڭدى. كېيىن ئۇنىڭغا ئابدۇللا ئىبنى ئەببان بىر بۆلۈك جەڭچىلەر بىلەن قوشۇلدى. بۇ ئەھۋالنى كىرمان ئەھلى بىلىۋىدى،

مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى توسۇش ئۇچۇن ئۇرغۇنلىغان قوشۇنلارنى توپلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ زېمىنىغا يېقىنراق بىر جايدا ئۇچراشتى ۋە ئۇلار بىلەن ئېچىنىشلىق ھالەتتە ئۇرۇشتى. نەتىجىدە ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن مۇسۇلمانلار غالىب بولدى.

ئاسىم ئىبنى ئەمىر سىزىستاننى مەقسەت قىلىپ يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭغا ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر ياردەم بېرىش ئۇچۇن كىرىپ قوشۇلدى. ئۇلار سىزىستانلىقلار بىلەن بۇلارنىڭ زېمىنىغا يېقىن بىر جايدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ نەتىجىدە بۇلارنى يەڭدى. ئۇندىن كېيىن بۇلارنى ئۆز شەھىرىگىچە قوغلاپ كىرىپ شۇ شەھەردە مۇھاسىرىگە ئالدى. سىزىستانلىقلار بۇنى كۆرۈپ شەھىرى ۋە زېمىنىغا قارىتا سۈلھى تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇندىن كېيىن سىزىستانلىقلار خىراج تۆلەش شەرتى بىلەن قېپقالدى.

ئىنسەھ ئەمىرلىرىدىن بولغان ھەكەم ئىبنى ئەمىر تەغلەبى مىكرانغا يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭغا شىھاب ئىبنى مەخارىق قۇماندانلىقى ئاستىدا مۇسۇلمانلاردىن ياردەم قوشۇنى كېلىپ قوشۇلدى. ئۇندىن كېيىن بۇلارغا سۇھەيل ئىبنى ئەدى ۋە ئابدۇللا ئىبنى ئەببان ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن كېلىپ قوشۇلدى. بۇ ئىككىسى كىرماننى پەتھى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ياردەمگە كەلگەن. بۇلار بىرلىكتە دوۋۇن ۋە مىكرانغا يېتىپ كەلدى. سىدنىلىقلار نۇرغۇن قوشۇن تەييارلىغان ئىدى. بۇ قوشۇنغا مۇسۇلمانلار ئۇچرىشىپ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلدى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلار ئۇلارنى يېڭىپ غەلىبە قىلدى. ۋە مۇسۇلمانلار ئۇلاردىن نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالا ئىنسەھ ئەمىرلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ مۇئمىن قوشۇنلىرىغا پارس شەھەرلىرىدە كاتتا غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە شۇ شەھەرلەرگە قوللىرىنى يېيىشنى (ئۆز ئىلكىگە ئېلىشنى) خالىدى. لېكىن پارسلار ئۆز مۈلكىنىڭ، پادىشاھلىقىنىڭ يۇقالغانلىقىنى، زېمىنلىرىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى، يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقىنى ۋە ئۆز شەھەرلىرىدىن چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ (يەنى پارس ئەھلىنىڭ) پارس زېمىنىنىڭ ئەڭ يىراق چېتىگە ئىلتىجا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنىڭ پارچە بۆلۈنۈپ كەتكەن

ئادەملىرىنى توپلاپ ئۆز يۇرتلىرىغا ئۆز ھۆكۇمرانلىقىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغان ۋە مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى يېڭەلەيدىغان ئۇلۇغ بىر قوشۇن تەييارلاش پىكرىگە كەلدى. ئۇلار مۇشۇ مەقسىتىنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشىپ **150** مىڭ ئەسكەر توپلىدى. ئۇلار مۇشۇ قوشۇن بىلەن پاتىھ ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئارقا سەپ بازىسى بولغان ئىككى شەھەر (يەنى بەسرە بىلەن كۇفىغا) يۈزلەندى. چۈنكى بۇ ئىككى شەھەرنى ئىشغال قىلىش ئۆزلىرىگە، ئىراقتا ۋە پۈتۈن پارس يۇرتىغا بولغان ھۆكۇمرانلىقنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقنى ئۇلار بىلىپ يەتكەندى. بۇ پارس قوشۇنىنىڭ خەۋىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەتتى. ھەزرىتى ئۆمەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا خالايىقنى يىغىپ ئۇلارغا سۆز قىلدى ۋە مۇنداق دېدى: «مەن ھەقىقەتەن ئالدىمدا ئەۋەتكەن ئەسكەرلەر بىلەن قوشۇلۇپ يۈرۈش قىلىپ مۇشۇ ئىككى شەھەر بەسرە بىلەن كۇفە ئوتتۇرىسىدا بىر ئورۇنغا چۈشۈشۈمنى توغرا تاپتىم (يەنى شۇ جايدا پارسلارغا قارشى تۇرىمەن)».

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب (ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ جامالىنى ئۇلۇغ قىلسۇن) ھەزرىتى ئۆمەرگە كۇفەگە خەت يېزىپ كۇفەدىن ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئادەمنىڭ بېرىشىنى ئۇقتۇرۇش ۋە بەسرەگىمۇ مۇشۇ مەزمۇندا خەت يېزىشنى مەسلىھەت بەردى. شۇ مەسلىھەت بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر بەسرە ۋە كۇفەگە خەت يېزىپ ئۇلارنى چوڭ بىر قوشۇن تەييارلاشقا بۇيرۇدى. بۇ قوشۇننىڭ قوماندانلىقنى نۇئمان ئىبنى مۇقرىنغا تاپشۇردى. بەسرە ۋە كۇفەدىن توپلانغان مۇسۇلمانلار قوشۇنى پارس قوشۇنىغا ئۇچرىشىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى. ھەممە ئۇلارغا نەھاۋەند دېگەن جايدا ئۇچراشتى. نەھاۋەندتىكى جەڭ شۇنداق كەسكىن بولدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسىنى نامايەن قىلىپ پارس دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

*ئىككىنچى تەرەپ، رۇم تەرەپ.*

بۇ شام شەھەرلىرىدە، يەرمۇقتىكى ئىككى تەرەپنى ئايرىغۇچى جەڭدە مۇسۇلمانلار مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئەمىرى بولغان ئەبۇ ئۇبەيدە ئامىر ئىبنى جەرراھ قوماندانلىقى ئاستىدا رۇمنى شام شەھەرلىرىدە ئوگۇشلۇق ھالدا قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچراتتى. ئەبۇ ئۇبەيدىگە خالىد ئىبنى ۋەلىد

ياردەملەشكەندى. ئۇزۇن ئۆتمەي ھجرىيىنىڭ 14 ـ يىلى رۇملۇقلارغا ھەقىقەتەن ياردەم كەلگەنلىكى ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقى خەۋىرى مۇسۇلمانلارغا يەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مۇسۇلمانلار تېزلىك بىلەن دەمەشىققە كىلىپ، بۇ شەھەرنى ئەبۇ ئۇبەيدە بىر تەرەپتىن، خالىد ئىبنى ۋەلىد بىر تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالدى. مۇھاسىرە ئىككى ئايدىن ئارتۇقراق دەمەشىق سۈلھى بىلەن ۋە قۇرال كۈچى بىلەن پەتھى بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى. سۈيتى شۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭدىن كېيىن دەمەشىق پەتھى قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ھىمسە، بەلەك، ھەما، لازىقىيە ۋە ھەرپ قاتارلىق جايلارنى پەتھى قىلىپ ھەتتاكى مۇسۇلمانلار ئەنتاكىيە ۋە بوستۇنغىچە بېرىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن شام شەھەرلىرى مۇسۇلمانلار شۇ شەھەرلەردە ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلىش ۋە شۇ شەھەرلەر ئەتراپىغا ھەقىقەت بايرىقىنى ئۈستۈن قىلىش، قۇددۇس شەرىفىنىڭ (مەسجىدۇلئەقسا)نىڭ دۆڭلۈكى ئۈستىدە شۇ بايراقنى لەپىلدىتىش ۋە شۇ شەھەرلەرنىڭ ئەزانخانىلىرىغا ھەق شاھادەتلىرىنى ۋە تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا باش ئەگدى. ئۇزۇن كۈنلەر ئۆتۈپ، كۈپرى قوشۇنلىرى مەسجىدۇلئەقسانى يەنى پەلەستىننى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى كىشىلەرنى ئەسلىدىكى ئەسىرلىك ھالىتىگە قايتۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا بۇ ئۇممەتكە ئالغا ئىلگىرىلىگۈچى قەھرىمان سالاھىددىننى نىسىپ قىلدى، سالاھىددىن بۇ جايلارنى ئازات قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دەۋر چۆرگىلەپ بىزنىڭ ئۇممىتىمىز ئاجىزلاپ قالدى ـ دە، مەسجىدۇلئەقسا دۈشمەن قولىغا كىتىپ ئەسىرلىك ھالىتىدە ئىڭراۋاتىدۇ.

ئەي مەسجىدۇلئەقسا! بىزگە قايتىپ كىلەرمۇ؟ بۇ قايتىپ كىلىشى چوقۇم بولغۇسى.

*ئۈچىنچى تەرەپ، مىسىر تەرەپ.*

مىسىر ئۇ چاغدا رۇم ھاكىمىيىتىگە باش ئىگەتتى. ئەمىر ئىبنى ئاس ئەمىرىل مۇئمىنىن ھەزرىتى ئۇمەردىن مىسىرنى پەتھى قىلىشقا رۇخسەت سورىدى. ھەزرىتى ئۇمەر بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. خېلى كۆپ ئەسكەر ماڭدۇردى، ئۇنىڭدىن كېيىن

بۇ قوشۇن مىسىرگە كىردى. بۇ قوشۇنغا زۇبەير يەنە بىر قوشۇنغا باش بولۇپ قوشۇلدى. ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە مىسىرنىڭ پەتھى قىلىنىشىنى خالىدى. بۇ پەتھى سۈيىتى سۆزلىگەندەك ھىجرىيىنىڭ 20 ـ يىلى بولغان. ھەمدە پەتھى قىلىش سۈلھى بىلەن بولدى. مۇسۇلمانلار پۈستات نامىلىق بىر ماكانغا چۈشۈپ ئۇ جايدا ئىمارەت قۇردى ۋە مەسجىد ياسىدى. ئەمىر ئىبنى ئاس ئۆز شەھىرىنى شۇ جايغا ياسىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر ئىبنى ئاس قۇشۇنلىرى بىلەن ئىسكەندىرىيەگە يۈرۈش قىلىپ رۇملۇقلار بىلەن ئىسكەندىرىيەنىڭ ئالدىدا ئۇچراشتى (يەنى سوقۇشتى). ئەمىر ئىبنى ئاس رۇملۇقلارنى مەغلۇب قىلىپ شەھەرگە كىردى. رۇملۇقلار ئۇستەنجىگە چىقىپ كەتتى. شۇ شەھەر ئاھالىسى بولغان قىبتىلەرنىڭ رەھبىرى مەقۇقۇس بىلەن ئەمىر ئىبنى ئاس سۈلھى تۈزۈشتى. شۇنىڭدەك ئىسلام يەنە باشقا زېمىنلەرگە خۇجايىن بولدى ۋە ئۇ زېمىنلارنىڭ ئەتراپىغا تارىدى. ھەمدە مۇئمىنلەرنىڭ ئاۋازى تەۋھىد سۆزى بىلەن ئۇستۈن كۆتۈرۈلدى. دېمەك ئىسلام دۆلىتى ھەزرىتى ئۇمەرنىڭ زامانىسىدا كېڭىيىپ ھەتتاكى ئۇنىڭغا ئىسلام ئىمپىراتۇرلۇقى دېگەن نام باپ كەلگىدەك ھالغا يەتتى. ھەقىقەتەن ئىسلام ئەينى دەۋردە داڭلىق ئىككى ئىمپىراتۇرنى (پارس بىلەن رۇمنى) قولغا كەلتۈرگەن تۇرسا، بۇ نام ئىسلامغا قانداقمۇ باپ كەلمىسۇن؟ بىز مۇشۇنداق داۋاملىق بولۇۋاتقان غەلىبىنىڭ سىرىدىن يەنى نېمە سەۋەبتىن ئىسلام قوشۇنى داۋاملىق غەلىبە قىلدۇ؟ دېگەننى سورايمىز. بىز بۇ سوئالىمىزغا ھەزرىتى ئۇمەرنىڭ قوشۇن قوماندانلىرىغا يوللىغان خاتىرىلىرىدىن، خەتلىرىدىن راستىراق ۋە تولۇق، مۇكەممەل جاۋابنى تاپالمايمىز. شۇ قوماندانلار ئىچىدىن سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يازغان خەتتىن بەزىسىنى كەلتۈرىمىز.

«ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتقاندىن كېيىن، مەقسەت: ھەقىقەتەن مەن سىنى ۋە سەن بىلەن بىللە تۇرىۋاتقان ئەسكەرلەرنى ھەر قانداق ھالەتتە ئاللاھ تائالادىن قورقۇشقا بۇيرۇيمەن. چۈنكى ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالادىن قورقۇش دۈشمەنگە قارشى بولغان تەييارلىقنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئۇرۇشتا قوللىنىدىغان تاكتىكىنىڭ ئەڭ كۈچلۈكىدۇر. مەن يەنە سىنى ۋە سەن بىلەن بىللە تۇرىۋاتقان ئەسكەرلەرنى ئۆزۈڭلاردىن ۋە دۈشمەن تەرەپتىن كېلىدىغان جىنايەتلەردىن ساقلىنىشتا مۇستەھكەم تۇرۇشۇڭلارغا بۇيرۇيمەن. چۈنكى ئەسكەرنىڭ گۇناھى ئۆزىگە دۈشمەندىنمۇ قورقۇنچلۇقتۇر. ئەگەر مۇشۇ خىسلەت بىزدە بولمىسا بىز ئۇلارغا كۈچلۈك بولالمايمىز. چۈنكى بىزنىڭ تەييارلىقىمىز ئۇلارنىڭ تەييارلىقىغا ئوخشاش ئەمەس. بىزنىڭ سانىمىز ئۇلارنىڭ سانىغا ئوخشاش ئەمەس (يەنى ئۇلاردىن تۆۋەن)، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە ئۇلار بىلەن باراۋەر بولۇپ قالساق، كۈچ ـ قۇۋۋەتتە ئۇلار بىزدىن ئارتۇق بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بىز ئۇلارغا پەزىلىتىمىز بىلەن غەلىبە قىلالمىساق، كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىز بىلەن غەلىبە قىلالمايمىز. شۇنى بىلىڭلاركى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەر نېمە ئىش قىلساڭلار بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن ھايا قىلىڭلار ۋە سىلەر ئاللاھنىڭ يولىدا جىھادتا تۇرۇپ، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىدىغان ئىشنى قىلماڭلار. ھەمدە بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بىزگە نىسبەتەن ئەسكى، ناچار بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى بىزگە ھەرگىز مۇسەللەت (يەنى خوجايىن) قىلمايدۇ دەپ قالماڭلار. چۈنكى نۇرغۇن قەۋملەرگە ئۇلاردىن ئەسكىراقى مۇسەللەت قىلىندى. شۇنىڭغا ئوخشاش بەنى ئىسرائىل ئاللاھنىڭ غەزىپى كېلىدىغان ئىشنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا مەجۇسى

(ئاتەشپەرەس) كاپىرلىرى مۇسەللەت قىلىندى.

«(ئۇلار سىلەرنى ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۈچۈن) ئۆيلەرنى ئاختۇردى. (سىلەرگە دۈشمەننى مۇسەللەت قىلىش) چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغان ۋەدە ئىدى.» (سۈرە بەنى ئىسرائىل 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

سىلەر ئاللاھ تائالادىن دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب بولۇشنى تىلىگىنىڭلاردەك، ئاللاھ تائالادىن نەپسىڭلارغا ياردەم بېرىشىنى، كۆڭۈل خاھىشىڭلارغا غالىب بولۇشىڭلارنى تىلەڭلار. مەن مۇشۇنى ئاللاھدىن بىزگە ۋە سىلەرگە داۋاملىق تىلەيمەن».

**2. ھاكىمىيەتنىڭ تۈزۈم ئاساسلىرىنى قۇرۇپ چىقىش.**

شۈبھىسىزكى، ھاكىمىيەتنىڭ ئىنتىزام، سىياسەت ئىشلىرى بىكارغا پەيدا بولۇپ قالماستىن، بەلكى سىياسىي تۈزۈملەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەقەززا قىلىۋاتقان ھاجەتلەر تۈپەيلىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. دېمەك، ھەر قانداق ۋاقىتتا بىر نەرسىگە بولغان ھاجەت جىددى بولۇپ قالسا، بۇ ھاجەتنى ھەل قىلىدىغان بىر ئامىل مەۋجۇت بولىدۇ.

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە قۇرۇلمىسى نۇرلىنىپ كەتكەن ھاكىمىيەت تۈزۈمى بىر يولى يولغا قويۇلماستىن، بەلكى تەدرىجى ۋە جىددى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ تەقەززاسى بويىچە بولغان ئىدى. بۇ تۈزۈم ئاساسلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىر قانچىسى تۆۋەندىكىچە:

*خەلىپىلىك.*

خەلىپە دېگەن نام بىلەن دەسلەپكى ئاتالغان كىشى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابىلارنىڭ مەسلىھەتىدىن كېيىن، مۇشۇ خەلىپىلىك تۈزۈمنى يولغا قويغان دەسلەپكى كىشى ئەبۇ بەكرى دەپ ھېسابلىنىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ دەۋرىدىكى يېڭى ئىش بولسا خەلىپىلىك ئاساسلىرىنى يولغا قويۇش ۋە خەلىپىلىك سالاھىيىتىنى بەلگىلەش، ھەمدە ئۇ خەلىپىنىڭ پۇقرا بىلەن بولىدىغان ئالاقىسىنى بەلگىلەشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىدىن ۋە ئۇنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سۈننىتىدىن ھاسىل قىلىنغاندۇر. مۇشۇ خەلىپىلىك تۈزۈم كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىر نەچچىسى تۆۋەندىكىچە:

خەلىپە ئەمىرلىك بىلەن ئاملىقنى بىرگە ئېلىپ ماڭىدۇ. بۇ سۆز خەلىپىنىڭ قولىدا دىنىي مەسىلىدىكى ھوقۇق ۋە دۇنيا ئىشلىرىدىكى ھوقۇق بولىدۇ دېگەن مەنىدە بولىدۇ. خەلىپىنىڭ ھوقۇقىنى ئۇممەت بەلگىلەيدۇ، چۈنكى خەلىپە ئۇممەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنىڭ خەلىپىنى توغرا تېپىشى لازىم. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا خەلىپە خەلىپە بولمايدۇ. خەلقنىڭ خەلىپىنى توغرا تېپىشى بولسا، ئۇنىڭغا بەيئەت بېرىش بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭدەك خەلقنىڭ خەلىپىگە خاتالىقنى كۆرسىتىپ قويۇشى ۋە ئۇنى خاتالىقتىن ئاگاھلاندۇرۇشى لازىم. خەلىپىنىڭمۇ ھەم خەلقنىڭ مەسىلىھەت كېڭەشكىمۇ ئورتاق بولۇشى لازىم.

خەلىپە دېگەن مىراس ئەمەس. شۇڭا خەلىپىلىككە ئۇممەتنىڭ ۋە دىنىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن مۇناسىپراق ئادەملەر تاللىنىدۇ.

*ۋالىيلىق تۈزۈمى.*

خۇلەفائىرراشىدۇنلار زامانىسىدا ئىسلام شەھەرلىرىدىكى ۋالىيلىق تۈزۈمىنى ئۇستۇن ئالىي شەكىلدە ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىكىتكەن ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كەلسەك، ھەقىقەتەن بۇ كىشى غازات ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتىپ قوشۇن بېشىنى قوشۇن قۇماندانى قىلىشى بىلەن بۇ ۋالىيلىق تۈزۈمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە قوشۇن قۇماندانى ئۆزى ئازات قىلغان زېمىنلارنى ئۆزى ئىدارە قىلاتتى. يۇقارقىغا ئاساسەن، ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋالىيلىق تۈزۈمىنى مۇقىم بىر شەكىلدە ئورنىتىپ چىقتى. دېمەك، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ دەۋرىدە ۋالىي ياكى خىزمەتچى ئەمىر دەپ ئاتىلاتتى. ئەمىر دەپ دەسلەپكى ئاتالغان كىشى مۇغىرە ئىبنى شۇئبىدۇر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەمىر دېگەن سۆز يۇقارقىدىن باشقا ھەربىي قۇماندانلارغا ياكى ۋالىيلارغا ئومۇملىشىپ كەتتى. دەسلەپتە ئەمىرنىڭ ئۆزى باشقۇرۇدىغان پارچە زېمىنلاردا خەلىپىدەك ھوقۇقى بار بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا ئۈچ تۈرلۈك ھوقۇق بار ئىدى. يەنى قانۇن تۈزۈش،

قانۇننى ئىجرا قىلىش، ئەدلىيە ئىشلىرى ئىدى. لېكىن ئۇمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئۈچ تۈرلۈك ھوقۇقنى بەزىسىنى بەزىسىدىن ئايرىپ، ئەمىرگە قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە مەسجىدتە ئىمامىلىق قىلىش ھوقۇقىنى قالدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئەدلىيە ھوقۇقىنى ئايرىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن شەھەرلەرگە قازىلارنى تەيىنلەپ بەردى، ھەمدە ئەمىرلەردىن باج ئېلىش ھوقۇقىنى ئېلىۋېتىپ، باج ۋە سەدىقىلەرنى يىغىشقا ئادەم تەيىنلىدى. شۇنداقتىمۇ ئاشۇ ۋالىي، قازى ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ پۈتۈن پائالىيەتلىرى ۋە ئىشانى خەلىپىگە مەركەزلەشكەن ئىدى. دېمەك خەلىپە ئۇلارنى بەلگىلەيدۇ ۋە ئۇلارنى قالدۇرىدۇ. مۇشۇنداق تۈزۈم مۇشۇ شەكىلدە خۇلەفائىرراشىدۇنلارنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتى. بۇ تۈزۈم بىز مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدەك، دۆلەتلەر ئارا يېڭىدىن قوللىنىۋاتقان ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىككى خىل تۈزۈم مەركەز تۈزۈمى ۋە مەركەزسىز تۈزۈم (يەنى يەرلىك تۈزۈم) بولۇپ، بۇ يېڭىچە ئىدارە قىلىش ئۇسلۇبلىرىدىن ئىككى خىل ئۇسلۇبقا ئوخشايدۇ. لېكىن بۇ ئىككى تۈزۈمنىڭ بەزىسى ئىجابىي، بەزىسى سەلبىي بولىدۇ.

خۇلاسە كالام، ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋالىيغا مۇستەقىللىقتىن بىر قەدەر بېرىش ئۈچۈن بۇ تۈنجى قېتىملىق ئۇسلۇبنى مەيدانغا كەلتۈردى. ھالبۇكى، ھەزرىتى ئۇمەر شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە دۆلەتنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىجتىمائىي بىرلىكىنى ساقلاپ قالغان ھالەتتە شۇنداق قىلغان ئىدى.

*بەيتۇل مال (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىقى ساقلىنىدىغان دۆلەت غەزىنىسى).*

بەيتۇل مالنى بىنا قىلغان دەسلەپكى كىشى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. بۇ ماللارنىڭ كېلىش مەنبەسى ـ مۇسۇلمانلارنىڭ زاكىتىدىن، ئەھلى زىممىيلەرنىڭ تۆلەم پۇلىسىدىن، غەنىيمەت مالنىڭ بەشتىن بىر قىسمىدىن، مىراسخورلىرى بولمىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قالدۇرۇپ كەتكەن ماللىرىدىن كېلەتتى. بەيتۇل مالنىڭ ماللىرىنى ئىنتىزامچانلاشتۇرۇش ئۈچۈن شۇ مالغا لايىق بولغانلارنىڭ ئىسىملىرىنى

خاتىرىلەش ۋە باشقىلارغا بېرىلىدىغان سوۋغاتلارنى يېزىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن ھېساب خاتىرىلىرى تۈزگۈزۈلدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەتراپلىرىغا ئىلىم تارقىتىش، بولۇپمۇ قۇرئان كەرىم ۋە دىنى بىلىم ئۆگىتىشكە بەك ھېرىسمەن ئىدى. شۈبھىسىزكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنى بەسرەدە ۋالىي بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا بەسرەلىكلەرگە قۇرئاننى ئۆگىتىشكە بۇيرۇغان ئىدى. ئەبۇ مۇسادىن بەسرەلىكلەرگە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئەمىرىلمۇئمىنىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى سىلەرگە ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتىنى ئۆگىتىشىم ئۈچۈن سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا ئەۋەتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلارنىڭ بەزىسىنى كىشىلەرگە دىنىي ئىلىملەر ئۆگىتىش ئۈچۈن ھەم ئەۋەتتى. ئىبنى سەئەت ئەبۇل ئەسۋەت دۇئەلىدىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئەبۇل ئەسۋەت مۇنداق دېدى: «مەن بەسرىگە كەلسەم ئۇ يەردە ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن ئەبۇ نەجىر بار ئىكەن، بۇ كىشىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بەسرىلىكلەرگە دىنىي ئىلىم ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىكەن». ھەقىقەتەن بەسرەنىڭ مۇشۇ مەسىلىدىكى ئەھۋالى يەنە باشقا ئىسلام شەھەرلىرىدىكى ئەھۋالغا ئوخشاش ئىدى، يەنى باشقا جايلاردىمۇ ئىلىم ئۆگىتىش قانات يايغان.

## ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۈيقەستكە ئۇچرىشى

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەتراپى ئالەمگە تارىغان ئادىللىقىدا مەسەل ئۆرنەك بولغان ئادىللىقىنىڭ كىشىلەر قەلبىگە خاتىرجەملىكنى بېغىشلايدىغانلىقىغا قارىماستىن، خۇددى بىر ئەرابى: ئى ئۆمەر، سەن ئادىل

بولدۇق ـ دە، مەن خاتىرجەم بولۇپ ئۇخلىدىم دېگىنىدەك، بۇ كىشىنىڭ بۇنداق ئادىللىقى ئۇلۇغ رەھبەرنىڭ ھاياتىغا قويغان توختام يەنى ئەجەلگە قەدەر سوزۇلغان ئاداۋەت ـ خىيانەتنى توسۇپ قالالمىدى. بۇ مەسىلە مەشھۇر بولۇپ، بۇنى تارىخچى ۋە رىۋايەتچىلەر سۆزلىدى. بىز شۇ توغرىسىدىكى سۆزلەرنىڭ خۇلاسىسىنى سىزگە كەلتۈرىمىز.

مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۇفىگە ۋالىي بولغان ۋاقىتتا، ھۈنەرۋەنلەرگە باج قويغان ئىدى، مۇغىرەنىڭ شەھىرىدىكى ھۈنەرۋەنلەر تۈرلۈك ھۈنەرلەرنى بىلەتتى. ئۇلار تۆمۈرچى، نەققاشچى، ياغاچچى ئىدى. مۇغىرە ئۇلارغا ھەر ئايدا **100** دەرھەم باج توختىتىپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر خىزمەتكار غۇلام ھەزرىتى ئۇمەرنىڭ قېشىغا باجنىڭ ئېغىرلىقىدىن شىكايەت قىلىپ كەلدى. ھەزرىتى ئۇمەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن: سىنىڭ بېجىڭ كۆپ ئەمەسكەن دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ھېلىقى غۇلام غوتۇلداپ غەزەبلەنگەن ھالدا قايتىپ كەتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ھېلىقى غۇلامنى ھەزرىتى ئۇمەر چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا: «سېنىڭ شامال بىلەن ئۇن تارتىدىغان تۈگمەن ياسىيالايدىغانلىق خەۋىرىڭ ماڭا يەتتى، شۇڭا بىزگىمۇ ياساپ بەرگىن» دېدى. ھېلىقى غۇلام ھەزرىتى ئۇمەرگە تەرىنى تۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئەلۋەتتە مەن ساڭا كىشىلەر گېپىنى قىلغۇدەك بىر تۈگمەن ياساپ بېرىمەن». ھېلىقى غۇلام كەتكەندە، ھەزرىتى ئۇمەر ئەسھابىلىرىغا: «ماۋۇ قۇل ھازىر ماڭا قورققىدەك گەپ قىلىۋاتىدۇ» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى غۇلام ـ ئۇنىڭ ئىسمى ئەبۇ لۇئلۇ بولۇپ مەجۇسى ئىدى، ئىككى بىسلىق دەستىسى ئوتتۇرىدا بىر خەنجەرنى تەييارلاپ، ئۇنى بىلەپ زەھەر بىلەن سۇغاردى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەسجىدكە كەلدى. ئىمام بۇخارى ئەمرىبنى مەيمۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇ كىشىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ھەزرىتى ئۇمەرگە مۇسىبەت يەتكەن ئەتىگەندە ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىدىم، مەن بىلەن ھەزرىتى ئۇمەرنىڭ ئارىلىقىدا پەقەت ئابدۇللا ئىبنى ئابباسلار بار ئىدى. ھەزرىتى ئۇمەر سەپلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتسە «سەپنى تۈز، باراۋەر قىلىڭلار» دەيتتى. ئۇ سۈرە نەھلنى ياكى سۈرە يۇسۇفنى ئوقۇپ رۇكۇ قىلغان ۋاقتىدا ئۇ كىشىنىڭ «مېنى بىر

ئىت ئۆلتۈردى» ياكى «بىر ئىت يەپ كەتتى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بۇ سۆزنى ئۇ كىشى قاتىل پىچاق تىققان ۋاقىتتا دېگەن ئىدى (بەزىلەر پىچاقنى ئۇ كىشىنىڭ غولى ئوتتۇرىسىغا ۋە بېقىنىغا تىققان دەيدۇ). ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىقىلىپ قالدى ـ دە، ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ قولىنى تارتىپ (بۇ كىشى ھەزرىتى ئۇمەرنىڭ يېنىدا ئىدى) ئالدىغا چىقىرىپ قويدى، ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف نامازنى تاماملىدى. ئەبۇ لۇئلۇ دېگەن ئەبلەخ بولسا كىشىلەر ئارىسىدىن چىقىپ ئالدىغا ئۇچرىغانلىقى ئادەمگە پىچاق تىقتى، ئون ئۈچ ئادەمگە تىققان ئىدى، بۇ كىشىلەردىن يەتتىسى ئۆلدى، بۇنى مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى كۆرۈپلا، ھېلىقى ئەبلەخكە باشقا كىيىدىغان چوڭ بىر قالپاقنى تاشلىدى. بۇ توڭگۇز ئەبلەخ ئۆزىنىڭ تۇتۇلۇپ قالغانلىقىغا ئىشەنگەن ۋاقىتتا ئۆزىنى بوغۇزلاپلا ئۆلىۋالدى. ھەزرىتى ئۇمەر ئۆيىگە يارىدار ھالەتتە يۆتكەپ كېلىندى. ھەزرىتى ئۇمەر «مېنى كىم ئۆلتۈردى؟» (يەنى كىم ئۆلۈم ھالىتىگە كەلتۈردى؟) دەپ سورىۋىدى. ساھابىلار ئۇنىڭغا قاتىلنى ئۇقتۇردى. ھەزرىتى ئۇمەر بۇنى ئاڭلاپ «مېنىڭ ئۆلۈمىمنى «مەن مۇسۇلمان» دەيدىغان ئادەمنىڭ قولى بىلەن قىلمىغان ئاللاھقا شۈكرى»دېدى. ئۇندىن كېيىن دوختۇر چاقىرىلدى. دوختۇر ئۇنىڭغا شەربەت ئىچكۈزىۋىدى، جاراھەت بولغان يەردىن چىقىپ كەتتى. ئۇندىن كېيىن سۈت كەلتۈرۈلدى، ھەزرىتى ئۇمەر سۈتنى ئىچىۋىدى، ئۇمۇ جاراھەتتىن چىقىپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ كىشىلەر ھەزرىتى ئۇمەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىشتى. ئۇندىن كېيىن ھەزرىتى ئۇمەر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا ئوغلىنى ئەۋەتتى. ئۇ ئوغلىغا مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۇممۇل مۇئمىنىين ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇمەر سالام ئېيتتى دېگىن. ئەمىرىل مۇئمىنىين دېمەي، ئۇمەر دېگىن، چۈنكى مەن ھازىر ئەمىرىل مۇئمىنىين ئەمەس، ھەمدە ئۇمەر ئىبنى خەتتاب ئىككى ھەمرايىنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇ بەكرى) يېنىغا دەپنە قىلىنىشنى سورايدۇ دېگىن». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى دەپنە قىلىنغان جاي ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇجرىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى ئۇمەر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رۇخسەت سورايدۇ. ئۇمەرنىڭ ئوغلى ئائىشەنىڭ ئۆيىگە بېرىپ،

www.uyghurkitap.com

سالام قىلدى ۋە ئىزنى سورىدى. رۇخسەت قىلىنغاندىن كېيىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىردى ـ دە ئائىشەنى ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقان ھالەتتە ئۇچراتتى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى: «سىلىگە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب سالام ئېيتتى ۋە ئىككى ھەمراھىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىشىغا رۇخسەت سورايدۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ھەزرىتى ئائىشە: «مەن ئۇ جايدا ئۆزۈم دەپنە قىلىنىشنى ئىرادە قىلغان ئىدىم. مەن ئۇ جاينى بۈگۈن ئۆمەرگە ئۆتۈندۈم» دېدى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇسىبەتكە (سۇيىقەستكە) ئۇچرىشى چارشەنبە كۈنلۈكتە بولغان ئىدى. مەجرۇھ ھالدا بىر نەچچە كۈن تۇردى. بۇ كىشىنى ئاللاھ تائالا ھىجرىيىنىڭ **23** ـ يىلى زۇلھەججەنىڭ **26** ـ كۈنىسى ۋاپات تاپتۇردى. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككى ھەمراھىنىڭ قېشىغا دەپنە قىلىندى. بۇ كىشىنىڭ بېشى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېرىمىنىڭ باراۋىرىگە، كۆكرىكىنىڭ تۈۋىنىگە قىلىپ دەپنە قىلىندى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بېشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۈرىسىگە باراۋەر قىلىپ دەپنە قىلىنغان ئىدى».

ئى خەتتاب ئوغلى ئۆمەر! ئى رەسۇلۇللاھنىڭ ھەمراھى! ساڭا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن. ھەقىقەتەن سەن ئىسلامغا كىرگىنىڭدە ئىسلامغا كۈچ ـ قۇۋۋەت غەلىبە بولدۇڭ. خەلىپىلىكىڭدە ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ياردەم، نۇسرەت بولدۇڭ. ۋاپاتىڭدا بۇ ئۇممەتكە دەرد ـ ئەلەم بولدۇڭ.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئادىللىقىنىڭ ئۆرنەك مەسەل بايان قىلىش مەركىزى بولغانلىقى، ئۆمەرنىڭ ئادالەتكە نىشان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئادالەتنىڭ بىرى سۆزلەنسە يەنە بىرىمۇ سۆزلىنىدىغان ئايرىلماس يېقىنلىقىغا قارىماستىن، بۇ كىشىنىڭ زاھىر كۆرۈنۈشتە زۇلۇم بىلەن يەنى زۇلۇم قىلدى دېيىش بىلەن تۆھمەت قىلىنىپ بىر مەجۇسى غۇلام تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئادەمنىڭ نەزىرىنى قارىتىدىغان بىر ئىش. مانا بۇ ئىش ھاجەتمەنىنىڭ ئۆز ھاجىتىنى ھەقىقەتكە چىقىرىش ئۈچۈن ۋە بۇنىدىن باشقا ئىشلار ئۈچۈن ھاجىتىگە قارشى بولغان نەرسىنى زۇلۇم دەپ ھېسابلايدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. ئۆز تەبىئىتىگە زىت بولغان ياخشى ئىشلارنى ئۆزىگە زىت بولغانلىقى ئۈچۈنلا يامان كۆرۈش ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىتىدۇر. شۇڭا بەزىلەر ھاجەتمەننى شەخسىيەتچى دەيدۇ.

كۆپىنچە كىشىلەر باشقىلارغا ناھەق زۇلۇم قىلىش، ھەقتىن يىراقلىشىش، گەپ ـ سۆز، ھەرىكەتتە خاتالىق ئۆتكۈزۈش دېگەنلەر بىلەن تۆھمەت قىلماقتا. بۇ ئىشلار باشقا نەرسە تۇيۇقسىزدىن بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى تۆھمەت قىلغۇچىلارنىڭ ئارزۇلىرىغا مۇۋاپىق بولمىغانلىقىدىن بولۇپ، بۇنداق ئەھۋال بىر ئىنساننىڭ ئارقا تېرىكى بولغاندا كۆپ ئۇچرايدۇ. لېكىن بۇ ئارقا كۈچ ئۇ كىشىدىن غايىب بولۇپ، بەزى ۋاقىتتا يەنە باشقىنىڭ كۈچلۈك ئارقى تېرىكى بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار بىر ئادەم پاكىت بىلەن كۈچەيتىلگەن بىر تەرەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ـ دە، شۇ تەلۋىنىڭ پايدا بېرىشىگە بولغان ئىشەنچىسى بەك قاتتىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلماسلىقنى ـ ھەقتىن يىراقلاشقانلىق، توغرىدىن يۈز ئۆرىگەنلىك دەپ گۇمان قىلىپ قالىدۇ. ھالبۇكى بۇ كىشى ئۆزىنىڭ بۇ تەلۋىنىڭ يەنە باشقىنىڭ تەلۋىگە زىت بولىدىغانلىقىنى، شۇ باشقىنىڭ تەلۋىنى كۈچەيتىدىغان ئادەم بارلىقىنى، ئۇنىڭ پاكىتى بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ تەلۋىنىڭ باشقىلارنىڭ تەلۋىدىن ئەلا ئەمەسلىكىنى بىلمەيدۇ. كاشكى، مېنىڭ سېزىمىمچە ئەگەر كىشىلەر مۇشۇ ھەقىقەتنى بىلگەن بولسا ئىختىلاپ، تالاش ـ تارتىش تۈگەپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر ـ بىرىگە قىلىشىۋاتقان تۆھمەتلەر يۇقىلاتتى.

خۇلاسە كالام، ئەقىللەرنى يارىتىپ، بىر نەرسىنى چۈشىنىش، ئىدراك قىلىش، تەھلىل قىلىش ۋە نەتىجە چىقىرىشتا ئۇلارنى ئاشۇنداق پەرقلىق قىلغان ئاللاھ تائالانى پاك دەپ ياد ئېتىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۆچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئوسمان بولۇپ، ئەففاننىڭ ئوغلى، ئەففان ئەبۇلئاسىنىڭ ئوغلى، ئەبۇلئاس ئۇمەييەنىڭ ئوغلى، ئۇمەييە شەمسىنىڭ ئوغلى، ئابدۇ شەمس ئابدۇمانافنىڭ ئوغلى، ئابدۇماناف قوسەينىڭ ئوغلى، قوسەي كىلابنىڭ ئوغلى، كىلاب مۇررەنىڭ ئوغلى، مۇررە كەئبنىڭ ئوغلى، كەئبى لوئەينىڭ ئوغلى، لوئەي غالىبنىڭ ئوغلىدۇر. ئوسمان قۇرەيشكە مەنسۇپ ئۇمەۋىيلەردىن بولۇپ، ئۇنى ئەبۇ ئەمرى دەپ كۇنىيەت قىلىناتتى. ھەمدە ئۇ كىشنى ئەبۇ ئابدۇللا ۋە ئەبۇ لەيلامۇ دېيىلەتتى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئانىسى ئەرۋا بولۇپ، ئۇ كەرىزنىڭ قىزى، كەرىز رەبىئەنىڭ ئوغلى، رەبىئە ھەبىبنىڭ ئوغلى، ھەبىب ئابدۇ شەمسىنىڭ ئوغلىدۇر. ھەزرىتى ئوسماننىڭ چوڭ ئانىسى ئۇممۇ ھەكىم بولۇپ، ئابدۇلمۇتەللىب ئىبنى ھاشىمنىڭ قىزى ئىدى. يەنى ھەزرىتى ئوسماننىڭ چوڭ ئانىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھامما ئاچىسى ئىدى. ھەزرىتى ئوسماننى زىننۇرەيىن (يەنى ئىككى نۇرنىڭ ئىگىسى) دەپ لەقەم قىلىناتتى. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى قىزىنى نىكاھلاپ ئالغان ئىدى، رۇقىيە بەدرى ئۇرۇشىدىن سەل كېيىنرەك ۋاپات بولدى. ئۇنىدىن كېيىن ئۇممۇ گۈلسۈمنى نىكاھىغا ئالدى. ئۇممۇ گۈلسۈم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ۋاپات بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر قېشىمدا ئۈچىنچى قىزىم بولغان بولسا ئۇنى ئوسمانغا نىكاھلاپ بېرەتتىم» دېگەن.

# ھەزرىتى ئوسماننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋىتى بىلەن مۇسۇلمان بولغان. ھەقىقەتەن ئوسمان تەلھە ۋە زۇبەيرنىڭ ئىزىغا ئەگىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككىسىنى مۇسۇلمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۇ ئىككىسىگە قۇرئان ئوقۇپ بەردى. ئىسلامنىڭ ۋەزىپىلىرىنى تونۇشتۇردى ۋە بۇ ئىككىسىگە ئالالاھ تەرەپتىن كېلىدىغان ئۇلۇغلۇقنى ۋەدە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى ئىمان ئېيتتى ۋە تەستىق قىلدى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دارۇل ئەرقەمگە كىرىشىدىن بۇرۇن بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىي دەۋەتنى دەسلەپ ئەرقەم دېگەن كىشىنىڭ ھويلىسىدا ئېلىپ بارغان. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغان ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلار ئوسمان بىلەن تولۇق ئونغا يەتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

# ھەزرىتى ئوسماننىڭ سۈپەتلىرى

## 1. تەن قۇرۇلۇش سۈپەتلىرى

ئىبنى سەئدى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۈپەتلىرىنى بىر نەچچە رىۋايەتچىلەردىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «رىۋايەت قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشماسلىقنى كۆرمىدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك مۇنداق دەيدۇ «ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پاكارمۇ ئەمەس، بەك ئېگىزمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا بوي، يۈزى نۇرانە، تېرىسى نېپىز، تارتىنچاق، ساقىلى قويۇق ھەم ئۇزۇن، بۇغداي ئۆڭ، پۇت ـ قوللىرىنىڭ بارماقلىرى توخماق، كۆكرىكى كەڭ،

بىشىنىڭ چىچى يوق، ساقىلىنى ئۇرەيدىغان كىشى ئىدى، ئۇ كىشى چىشلىرىنى ئالتۇن بىلەن قاپلاتقان ئىدى»».

## 2. ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئەخلاقى سۈپەتلىرى

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئۇلۇغ ساھابىلىرىغا ئوخشاش كاتتا ئەخلاقلىق، ئالىي تەربىيىلىك، ئەخلاقى تۈزۈكلۈكتە ئەڭ ئۈستۈن كىشى بولۇپ قاتتىق ھايالىق ئىدى. ھايا ئىماننىڭ تارمىقىدىن. بۇ كىشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرسى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئوسمان ئىبنى ئەففاندەك سۆزلىسە تولۇق سۆزلەيدىغان، چىرايلىق سۆزلەيدىغان بىر كىمنى كۆرمىدىم، لېكىن ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى سۆزلەشتىن ئېھتىيات قىلىدىغان كىشى ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە گەپ قېتىلىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ شۇنداق قىلىسا كېرەك». ئىبنى سەئىد ئەنەس ئىبنى مالىكتىن نەقلى قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مىنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ئەڭ سادىق، ھايالىقراقى ئوسماندۇر». رىۋايەتلەرنىڭ بەزىسىدە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەردىن نەقلى قىلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى سۆزلىنىدۇ: «شۈبھىسىزكى، پەرىشتىلەر ئوسماندىن خۇددى ئاللاھدىن ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ھايا قىلغاندەك ھايا قىلىدۇ».

## ھەزرىتى ئوسماننىڭ دىن ئۈچۈن كۆرسەتكەن پىداكارلىقى

ھەزرىتى ئوسمان ھەقىقەتەن ئاللاھ يولىدا ۋە ھەق ئىسلام بايرىقىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن جېنى بىلەن ھەم مېلى بىلەن پىداكارلىق كۆرسەتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا پىداكارلىق كۆرسەتتى. ھەمدە مۇشۇنداق پىداكارلىقنى ھەق ئۈچۈن شېھىت بولغانغا قەدەر داۋاملاشتۇردى. ئۇ

كىشىنىڭ ئۆز جېنى بىلەن پىداكارلىق كۆرسىتىشىگە كەلسەك، بۇ كىشى ئۆز پىداكارلىقىنى مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئوچۇق ئېلان قىلغاندىن كېيىنلا باشلىغان ئىدى. ئىبنى سەئدى رىۋايەتچىلەرنىڭ ئىسمىلىكى بىلەن: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ تاغىسى ھەكەم ئۇنى تۇتۇپ قاتتىق باغلاپ قويۇپ ئۇنىڭغا «سەن ئەجدادلىرىڭنىڭ دىنىدىن كېچىپ، يېڭى بىر دىنغا يۈز ئۆرىۋاتامسەن؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن يېڭىدىن ئۇتتۇۋالغان دىنىڭنى تاشلىمىغۇچە سېنى ھەرگىز يېشۋەتمەيمەن» دېگەندە، ھەزرىتى ئوسماننىڭ «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇ دىننى مەڭگۈ تاشلىمايمەن، مەڭگۈ ئايرىلمايمەن» دېگەنلىكى، ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆز دىنىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرگەن ھەكەم ئۇنى قويۇۋەتكەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشەققەتلەرگە داۋاملىق بەرداشلىق بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى رۇقىيە بىلەن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلدى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئاللاھ بۇ ئىككىسىگە ھەمراھ بولسۇن، شۈبھىسىزكى، ئوسمان ئۆز ئەھلى بىلەن ئاللاھ تەرەپكە لۇت ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ھىجرەت قىلغان دەسلەپكى كىشىدۇر». ھەزرىتى ئوسمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنى ئىخرا قىلىش ئۈچۈن ھۇدەيبىيە كۈنىسى ئۆزىنى خەتەرلىك ھالغا تەڭلەپ مەككىگە كىرىدۇ. ھۇدەيبىيە سۈلھىسى تۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىلىكلەرگە مەقسەتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەككىگە كىرگۈزگەن ئىدى. ئۇنى قۇرەيش سولىۋېلىپ، كېيىن سۈلھى تۈزۈلگەندە ئاندىن قايتىپ چىققان ئىدى. ئۇ قايتىپ چىققاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىدا بەيئەت بېرىپ قويغانلىقىنى بىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدە ساھابىلىرىدىن بەيئەت ئالغان ئىدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولمىغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىدىن ئۆزىگە بەيئەت بېرىپ قويغان ئىدى.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مېلى بىلەن كۆرسەتكەن پىداكارلىقىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىبرى رۇما دېگەن قۇدۇقنى كولاتقانلىقى، تەبۈك غازىتىغا قوشۇن تەييارلاش ئۈچۈن **300** تۆگىنى تەقدىم

قىلغانلىقى ئۇنىڭ پىداكارلىقى جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. بەزىلەر شۇ چاغدا ئوسمان 1000 تىللانى بىرگە ئەكىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇچىغىدا قويغان ئىدى دەيدۇ.

## خەلىپىلىك ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قانداق كېلىپ قالدى؟

تارىخچى، رىۋايەتچىلەر خالايىقنىڭ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت بېرىشى توغرىسىدا مەزمۇنى بىر ـ بىرىگە يېقىن بولغان رىۋايەتلەرنى كەلتۈرىدۇ. بىز سىزگە ئىمام بۇخارى سەھىھ كىتابىدا ئەمرى ئىبنى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان خۇلاسىنى كەلتۈرىمىز. ئەمرى ئىبنى مەيمۇنە مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلار ھەزرىتى ئۆمەرگە پىچاق تىقىلىپ كېسەل دەردى قاتتىق بولغان چاغدا ئۇنىڭغا «ئى ئەمرىل مۇئمىنىين، خەلىپە توغرىسىدا ۋەسىيەت قىل، بىزگە بىر كىمنى خەلىپە قىلىپ بەر» دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئېيتتىكى: «مەن بۇ خەلىپىلىك ئىشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رازى بولغان ھالدا ۋاپات تاپقان ئاشۇ بىر بۆلۈك كىشىلەردىنمۇ لايىق ئادەم تاپالمايمەن». شۇ گەپتىن كېيىن ئۇ ئەلى، ئوسمان، زۇبەير، تەلھە، سەئد ۋە ئابدۇرەھمانلارنى ئاتىدى (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن). شۇ بىر بۆلۈك ئادەملەر مۇشۇلار ئىدى. ئۇندىن كېيىن مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارغا ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەپنىسىدىن بىكار بولۇپ، كىشىلەر بىر يەرگە يىغىلدى. ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف مۇنداق دېدى: «سىلەر ئۆز ھوقۇقۇڭلارنى ئۈچىڭلاردىن ئۈچ ئادەمگە مەركەزلەشتۈرۈڭلار»، بۇ گەپتىن كېيىن زۇبەير «ئىشىمنى (يەنى نامزاتىمنى) ئەلىگە بەردىم» دېدى. تەلھە «مەن ئوسمانغا بەردىم». سەئد «مەن ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفكە بەردىم» دېدى. ئۇندىن

كېيىن ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف «سىلەرنىڭ قايسىڭلار بۇ ئىشتىن باش تارتسا شۇنى قىلمىز» دېدى. ئەلى بىلەن ئوسمان شۈك تۇردى. بۇنى كۆرۈپ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف «بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرامسىلەر؟ (يەنى ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا مەن ھۆكۈم قىلمەنمۇ؟)» دېۋىدى، ئۇ ئىككىسى «ھەئە» دېيىشتى. ئۇندىن كېيىن ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف ئەلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ «سېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن تۇغقانلىقىڭنى ۋە ئىسلامغا دەسلەپ كىرگەنلىكىڭنى ئۆزۈڭ ئوبدان بىلىسەن، ئاللاھ ساڭا گۇۋاھكى، ئەگەر مەن سېنى خەلىپە قىلسام ئەلۋەتتە ئادالەت بىلەن ئىش قىلىسەن، ئەگەر مەن ئوسماننى خەلىپە قىلسام ئۇنىڭ گېپىنى ئەلۋەتتە ئاڭلايسەن ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىسەن (يەنى بەيئەت قىلىسەن)» دېدى. ئۇندىن كېيىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ بىر يانغا تارتىپ ئۇنىڭغىمۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا دېگەن گەپلەرنى دېدى. ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف بۇ ئىككەيلەننىڭ ھەر بىرىدىن ۋەدە ئېلىپلا «ئى ئوسمان قولۇڭنى كۆتۈر!» دېدى ـ دە، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. ئۇندىن كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەيئەت قىلدى. ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەخپىي ھالدا يۈزگە ماسكا تارتىپ خالايىقنىڭ خەلىپە سايلاش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئۇقۇش ئۈچۈن سىرتقا چىققان ئىدى. بۇ كىشى كىمنىڭ خەلىپە بولۇش توغرىسىدا ھەر قانداق بىر كىشىدىن ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى سورىسا ھەممىسى بىردەك «ئوسمان» دېگەن ئىدى».

قازى ئەبۇكرى ئىبنى ئەرەبى ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ خەلىپىلىك مەسىلىسىگە ئوبدان تەپەككۇر يۈرگۈزگەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر خەلىپىلىكنى كېڭەش ئاساسىدا قىلدى. ئۇندىن كېيىن ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف خەلىپە بولىدىغان كىشى ھەققىدە ئوبدان ئويلاش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى بۇ ئىشتىن چىقىرىۋەتتى (يەنى خەلىپە نامزاتىدىن چىقىپ كەتتى). ئويلاپ پىكىر يۈرگۈزگەندىن كېيىن ھەزرىتى ئوسماننى خەلىپە قىلدى. شۇنداق قىلىپ ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈچىنچى خەلىپىلىكىگە ھىجرىيە **23** ـ يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنىسىدە كىشىلەر تەرىپىدىن بەيئەت قىلىندى. ھەزرىتى

ئوسمان خەلىپىلىكىنى ھىجرىيىنىڭ 24 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تاپشۇرۇۋالدى (يەنى مۇھەررەم ئېيى 1 ـ ئايدۇر)».

## ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپە بولۇشى توغرىسىدىكى گۇمانىي قاراشلار ۋە ئۇنى رەت قىلىش

بەزى يازغۇچىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ يېڭى خەلىپە سايلاش توغرىسىدىكى كېڭەش قىلغانلىقىنى ئايماق، قەبىلىۋازلىق ئىختىلاپى سۈرىتى بىلەن ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇمەۋىي ۋە ھاشىمىيدىن ئىبارەت ئىككى گورۇھقا بۆلۈنگەنلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ. دوكتۇر سەييىد ئابدۇل ئەزىز سالىم ئۆزىنىڭ «ئەرەب دۆلىتى تارىخى» ناملىق كىتابىدا تارىخ كىتابلىرى ھەزرىتى ئۇمەرنىڭ خەلىپە تاللاش توغرىسىدا قىلغان ۋەسىيىتىدىن نەقلى قىلغان سۆزلەرنى كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئۇمەرنىڭ ئۆيىدىن چىقتى، دەرۋەقە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە سايلىغۇچى مۇسۇلمانلارغا ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف ئۇنىڭ تەرىپىدە بولغان كىشىنى تاللاشقا ۋەسىيەت قىلار بولسا، خەلىپىلىك ئىشىنىڭ ھاشىمىيلار قولىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى جەزم قىلىپ قالدى. چۈنكى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇرەھمان بىلەن قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن باغلىناتتى. شۇنىڭدەك سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ بىر نەۋرە قېرىندىشى ئىدى».

بۇ كىشى يەنە ئاشۇ خەلىپىلىككە كۆرسىتىلگەن ئۇچىنىڭ ئۆز نامزاتىدىن چىقىپ كېتىپ، ئۇچىنىڭ قالغانلىقى توغرىسىدا قىلغان سۆزىدە مۇنداق دەيدۇ: «شۇنداق قىلىپ كىشىلەر ئىككى گورۇھقا بۆلۈندى. بىر گورۇھ ئوسماننى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەنە بىر گورۇھ ئەلىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. توغرىراق مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇمەۋىي گورۇھى، ھاشىم گورۇھى دەپ ئىككى گورۇھقا



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

بۆلۇنىدى». مانا بۇ تەسەۋۋۇر ۋەھىمە تەسەۋۋۇردۇر ۋە رەت قىلىنىدىغان ھالدىكى نەتىجە چىقىرىشتۇر. بۇ گەپنىڭ پەقەت دەلىلى يوق. چۈنكى بۇنىداق بۆلۈنۈش بىر مۇھاجىر دىن تۆپەيلى دادىسىغا، قېرىندىشىغا ۋە ئايىماق جەمەتىگە، بالىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، بىر ئەنسارى بىلەن بىر مەيداندا تۇرىدىغان ھالىتىدىكى ياشاۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسھابىلىرىنىڭ مۇھىتىدىن كېلىپ چىقمايدۇ. شۇنداق، بۇنداق بۆلۈنۈش ئۆز دىنىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىدىن ھەر قانداق مەنپەئەتنى قۇربان بېرىدىغان، ھەمدە جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بېرىلگەن ئاشۇ ئۇلغار ساھابىلارنىڭ كۆز قارىشىدىن، توغرا تونۇشىدىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ كىشىلەر توغرىسىدا رىۋايەت قىلىنغان نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىشلىرىغا چارە قوللىنىشتا بۇنىداق تار رامكىدا مېڭىپ يۇرۇشتىن بەك ئۈستۈن، ئالىي كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. دېمەك، بۇ مەسىلە ئائىلە خاراكتېرلىك ياكى ئايماق، قەبىلە خاراكتېرلىك مەسىلە ئەمەس. چۈنكى بۇلار باشقا مەقسەت ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئىسلامدىكى مەرتىۋىسى جەھەتتىن كېڭەش ئەھلى. ئۇنىدىن كېيىن بۇ يازغۇچى دوكتۇر ئابدۇل ئەزىز سالىم يۇقىرىقىدەك خەتەرلىك گۇمانىنى سۆزلىگەندىن كېيىن، خەلىپىلىككە خەلىپە تاللاش مەسىلىسىنى كەلتۈرۈشتە، بۇ تاللاشنىڭ ئاممىۋى ۋە خاس كىشىلەر بولۇپ خالايىقلارنىڭ ھەممىسىدىن ھاسىل بولغان كېڭەش ئارقىلىق بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ ئۆز ـ ئۆزىگە زىتلىق كەلتۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «لېكىن ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف ھەزرىتى ئوسماننى خەلىپىلىككە تاللايدىغانلىقى خالايىقلارنىڭ بۇ توغرىدىكى پىكرىنى ئۇقماي تۇرۇپ ئېلان قىلىشنى خالىمىدى. بۇ كىشى خالايىقنىڭ پىكرىنى ئۇلارغا ئۆزىنى تونۇتماستىن ئېلىشنى ئويلاپ سىرتقا چىقىپ مەدىنىنىڭ تاغ باغرىدا يۇزىگە ماسكا تارتقان، ھېچكىم تونۇمايدىغان ھالدا خالايىققا ئۇچراشتى. ئۇنىدىن كېيىن بۇ كىشى مۇھاجىر ۋە ئەنسار ۋە ئۇنىدىن باشقا تۆۋەن پىكىرلىك، ئەقلى ئاجىز كىشىلەردىن ھېچكىمنى چالا قويماي ئۇچرىغانلا ئادەملەردىن سۇئال سوراپ بۇ توغرىدا مەسلىھەت سورىدى. ئىقتىدارلىق

كىشلەرنىڭ يېنىغا بولسا مەسلىھەت سورىغان ھالدا كەلدى. ئۇلاردىن باشقا كىشلەرنىڭ قېشىغا مۇنداق سۇئال سوراپ كەلدى. ئۇمەردىن كېيىن خەلىپىلىككە كىمنى توغرا كۆرىسەن؟ ئابدۇرەھمان ئۇچرىغان، مەسلىھەت سالغان ۋە ئۇ گەپ سورىغان ھەر بىر ئادەم «ئوسمان» دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇرەھمان خالايىقنىڭ بىردەك پىكرىنى كۆرۈپ مەسجىدكە قايتىپ كەلدى» (ئابدۇل ئەزىز سالىمنىڭ گېپى تۈگىدى).

مانا بۇ سۆز ئەمىلىيەتنى ھەقىقىي تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. مۇنداق بولغاندا ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خەلىپىلىككە تاللىشى تۈغقان ۋە قۇدا ــ باجا بولغانلىقى ئۈچۈن بولماستىن، ھەمدە بۇ پىكرنىڭ يالغۇزلا ئابدۇرەھماننىڭ پىكرى بولماستىن، بەلكى كېڭەش ئەھلى ۋە ئاممىدىن ئىبارەت پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ پىكرى بىلەن بولغانلىقى ئۈچۈن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەن مانا مۇشۇنداق مەخپىي ھالدا كىشلەرنىڭ خەلىپە سايلاش توغرىسىدىكى كۆز قارىشىدىن مۇكەممەل خەۋەر تېپىش قەتئىي ھالدا ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ ئەكسىنى داۋا قىلىدىغان ھەر قانداق گۇمانلارنى يۇقىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئابدۇرەھماننىڭ شەخسىي غەرەزدىن پاكىز ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان مۇھىم ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا ۋە ئۇستىگە يۈكلەنگەن ئامانەتنى يەتكۈزۈشكە بەكمۇ ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايدۇ دەپ ئېيتالايمەن.

## ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىگە سەۋەب بولغان پىتنە توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يېتىدىغان بالايى ــ مۇسىبەتتىن خەۋەر قىلغان ھەمدە ئوسمان ۋە ئۇمەرنىڭ شېھىت بولىدىغانلىقى بىلەن بىشارەت بەرگەن ئىدى. ئىمام بۇخارى شۇنداق رىۋايەت

قىلىدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇد تېغىغا چىقتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمانمۇ چىققان ئىدى، شۇ ۋاقىتتا تاغ تىترەپ كىتىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغقا قاراپ: «ئى ئۇھۇد، جىم تۇر! چۈنكى سېنىڭ ئۈستۈڭدە چوقۇم بىر پەيغەمبەر، بىر سىددىق، ئىككى شېھىت بار» دېگەن ئىدى».

پىتنە پەيدا بولىدى ۋە بالايى ـ ئاپەت مەيدانغا كەلدى، بىز مۇشۇ پىتنىنى ئىشەنچلىك رىۋايەتلەرگە ئاساسەن ئىخچاملىق بىلەن، ۋە بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى توغرىسىدا ھەر خىل سۆزلەرنى قىلىپ يۈرۈشىمىزگە ئورۇن قالدۇرمايدىغان رەۋىشتە تەسۋىرلىشىمىز لازىم. بۇ ۋەقەنىڭ پىتنە دەپ ئاتىلىشى مۇشۇ ۋەقە بىلەن خالايىقلار پىتنىگە چۈشۈپ كەتكەنلىكى ۋە شۇ ۋەقە بىلەن ئۇلارنىڭ دىنىي ئەخلاقى ۋە ئىسلام پىرىنسىپلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەقىدىسىگە بولغان مۇستەھكەملىكىنى ئىمتىھان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئىدى. ئۇلۇغ ئاللاھ راست ئېيتىدۇ:

«پىتنە ئۆلۈمدىن يامان» (سۈرە بەقەر **191** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاشۇ پىتنە ھادىسىلىرىنى تونۇشتۇرۇش توغرىسىدا كەلگەن رىۋايەتلەر خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بۇ رىۋايەتلەر بىر ـ بىرىگە زىت، قارىمۇ ـ قارشى بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇ رىۋايەتلەرنى ئىچكى، تاشقى جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەمىلىي تەھقىقلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز لازىم. تاشقى جەھەتتىن تەكشۈرۈش دېگەن رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىشەنچلىك ۋە ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈش، ئىچكى جەھەتتىن تەكشۈرۈش دېگەن رىۋايەت قىلىنغان ئەھۋاللارنى يەنە باشقا ئىشەنچلىك رىۋايەتلەرگە سېلىشتۇرۇش. ئىچكى جەھەتتە تەكشۈرۈش بويىچە تەھقىقلىشىمىزغا، ئىلغاشقا كەلسەك، ئۇنىڭدا بىز رىۋايەتلەرنى راستىنى يالغاندىن ئايرىپ تونۇۋېلىشىمىز ئۈچۈن ھەدىس تەكشۈرۈشتە قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل بويىچە ھۆكۈم قىلىمىز. مۇشۇ ئىككى جەھەتتىن تەھقىق قىلغىنىمىزدىن كېيىن خەۋەرلەرنى تاشقى جەھەتتىن ئەمىلىي تەھقىقلەشكە كىرىمىز. بۇ ئىلغىشىمىز بۇ خەۋەرلەر توغرىلىقى جەھەتتە، مەزمۇنى مۇقىملىقى جەھەتتە، لوگىكا جەھەتتە بىر ـ بىرىگە باپ كېلىدىغان، بىر ـ بىرىگە ماس كىلىدىغانلىقى

تەرەپتىن، شۇنىڭدەك ئىشەنچلىك ھەدىس كىتابلىرى ياكى ئاساسلىق تارىخ كىتابلىرىدىن مۇشۇ پىتنىنىڭ خەۋەرلىرىدىن قىسمەنلىرىنى سۆزلەشكىلا قىسقارغان توغرا، راست رىۋايەتلەرگە ئۇيغۇن كىلىش تەرەپلەردە تەھقىق قىلىنىدۇ. مۇسۇلمان خەۋەر يازغۇچىلاردىن بىر نەچچىسى نۇرغۇنلىغان توپلانما كىتابلارنى يېزىپ ئۇنىڭدا ئاشۇ پىتنىنىڭ خەۋەرلىرىنى ۋە شۇ پىتنىگە ئالاقىدار بولغان ھادىسىلەرنى سۆزلىدى. بىراق بىزگە بۇ ھەقتە ئاشۇ تارىخچىلارنىڭ كاتتىلىرىنىڭ ئۈچ رىۋايىتىلا يېتىپ كەلدى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

**1**. ئەبۇ مەغنەپ لۇف ئىبنى يەھيانىڭ رىۋايىتى بولۇپ، ئۇنىڭ رىۋايىتىنى بىزگە بىلازىرى نەقىل قىلدى.

**2**. مۇھەممەد ئىبنى ئۇمەرىل ۋاقىدىنىڭ (تۆۋەندە ۋاقىدى دېيىلىدۇ) رىۋايىتى بولۇپ، ئۇنىڭ رىۋايىتىنى بىزگە بىلازىرى ۋە تەبەرى نەقىل قىلدى.

**3**. سەئىد ئىبنى ئۇمەر تەممىينىڭ رىۋايىتى بولۇپ، ئۇنىڭ رىۋايىتىنى بىزگە تەبەرى نەقىل قىلدى.

يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ خەۋەرلىرىدىن باشقا بىزگە يېتىپ كەلگەن خەۋەرلەر بولسا، ھادىسىلەرنى كونكرېت سۆزلىمەستىن بەلكى شۇ ھادىسىنىڭ بەزى ۋەقەلىكلىرىنىلا سۆزلەشكە قانائەت قىلغان. بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ خەۋەرلەرنىڭ بەزىسى توغرا، ئىشەنچلىك سەنەد بىلەن، بەزىسى ئۇنىڭ ئەكسىچە نەقىل قىلىنغان.

ھازىر بىز رىۋايەتلەرنى ئىلغاشقا باشلايمىز.

**1**. تاشقى جەھەتتىن ئىلغاش. بۇ تاشقى جەھەتتىن ئىلغاش ھۆكمى بولسا يۇقىرى دېگىنىمىزدەك ھەدىس تەكشۈرۈشتە قوللىنىدىغان ئۇسۇل بويىچە ھۆكۈم قىلىنىشتۇر. ئەگەر بىز بۇ ئۈچ رىۋايەت قىلغۇچىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەلۋەتتە ئۇلارنى تەھقىقلەش، تۈزۈش، پۈتۈش جەھەتتە ئۇنىڭغا ئاساسەن قىلغان رىۋايەتلىرى قوبۇل قىلىنىش ياكى قوبۇل قىلىنماي رەت قىلىنىش جەھەتلەردە ھەدىس ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئوخشاشمىغان تەرەپلەرگە يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەبۇ مەغنەپ بولسا شىئە بولۇپ ئۇنىڭغا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كەمچىلىكلىرى كۆپ بولۇپ

كەتكەنلىكتىن تىگىشلىك جازاغا يولۇققان خەلىپە سۈپىتىدە ئاشكارا قىلىشى، تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى قۇتراتقۇلۇق قىلغۇچىلاردىن، ھەمدە ئۇنىڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگۈچىلەردىن قىلىپ كۆرسىتىشى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بولسا ـ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە غەزەپلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا مىھرى ـ شەپقەت قىلىدىغان، ھەمدە ئۇنى قوغدايدىغان كىشى سۈپىتىدە ئاشكارا قىلىشى قىينىغا چۈشمەيدۇ. شۇڭا بىز ئەبۇ مەغنەپكە قارىتا ھەدىس ئىلىملىرىدە قوللىنىدىغان ئۇسۇل بويىچە ھۆكۈم چىقارغىنىمىزدا پەقەت تۆۋەندىكى ئومۇمى قائىدىدىن باشقا ئاساس تاپالمايمىز. بىدئەت ئىگىسى (يەنى خاتا، ناتوغرا ئىش قىلغۇچىنىڭ) ياكى سىياسى مەسىلەك ئىگىسىنىڭ قىلغان خەۋىرى خاتا، ناتوغرا ئىشنى ياكى سىياسىي مەسىلەكنى قۇۋۋەتلەيدىغان بولسا ئۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. تېخى مۇشۇ گەپ بىدئەت ئىگىسى ياكى سىياسى مەسىلەك ئىگىسى ئىشەنچلىك بولغان تەقدىردە، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنىداق غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ بۇ خىل تۈردىكى رىۋايەتلىرىنى قوبۇل قىلمايمىز. ئەمدى ئۆلىمالار زەئىپ، خاتىرىسى ئاجىز، يالغا ئېيتىشى ئېھتىماللىق دەپ ھەم ئۆزىنىڭ خاتا ئىشنى قۇۋۋەتلەيدىغان رىۋايەتلەرنى رىۋايەت قىلىدۇ دەپ ھېسابلايدىغان ئەبۇ مەغنەپتەك رىۋايەتچىگە قانداق قارايسىز؟ (يەنى قانداقمۇ ئۇنى ئىشەنچلىك دېگىلى بولسۇن؟)

ۋاقىدىگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭ رىۋايىتىدە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەيىب ئاچقانلىقنى كۆرىمىز. ھەتتا تەبەرىمۇ ئۇنىڭ رىۋايەتلىرى بەك قەبىھ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ رىۋايەتلىرىنى كۆپ نەقىل قىلىشتىن ساقلىنىپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭدىن مۇشۇ ھەقتە نەقىل قىلغانلىرى ئىچىدە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تەنە قىلىدىغان نۇرغۇن نەقىللەر بار. ۋاقىدى ساھابىلارنى، خۇسۇسەن تەلھەنى ـ ئوسمانغا قارشى مەسلىھەت قىلغۇچىلار كۆرۈنۈشىدە ۋە ئەلىنى ئوسمانغا قارشى كۆرۈنۈشتە ئاشكارا قىلىشتىن تارتىنمايدۇ. ھەمدە تېخى ئۇنىڭ قارىشىدا مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاتىلى ئىمىش. ۋاقىدىنىڭ تۈزۈش ۋە تەھقىقلەش ئەھلىگە توغرا قىلىنغىنىدا ئۆلارنىڭ بىزنى ۋاقىدىدىن بەكمۇ قاتتىق ھەزەر قىلدۇرغانلىقنى تاپىمىز.

دېمەك، نىسائى ۋە ئىمام شافىئى ۋاقىدىنى «يالغان ئېيتىدۇ ۋە ئەسلى يوق سۆزلەرنى قىلىدۇ» دەپ قارايدۇ. مانا بۇنداق قارىلىش خەۋەر رىۋايەت قىلغۇچىغا چاپلاشقان ئەڭ قاتتىق ئەيىبتۇر. ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار ۋاقىدىنىڭ رىۋايىتىنى قوبۇل قىلماسلىققا تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە ئىمام زەھەبى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالار بىردەك ۋاقىدىنىڭ رىۋايىتىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارار قىلدى».

سەئىد ئىبنى ئۇمەرگە كەلسەك، بىز بۇ كىشىنىڭ ئەبۇ مەغنەپ ۋە ۋاقىدىنىڭ يولىدىن باشقا بىر يولنى تۇتقانلىقىنى تاپىمىز. چۈنكى بۇ كىشى ئارقىمۇ ـ ئارقا زەنجىرسىمان تارىخنى (يەنى ئۇزۇلۇپ قالماي ھەممە ئەھۋالنى سۆزلىگەن تارىخنى) ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ تارىخىدا ساھابىلارغا تۆھمەت قىلىنغان ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى تۆھمەتتىن پاكلاش بار. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىز بەزى ساھابىلارنىڭ سەئىد ئىبنى ئۇمەر بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن زىندىق (يەنى دىندىن چىقىپ كەتكەن) دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئاجىز ساناپ ئۇنىڭ رىۋايەتلىرىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى بايقايمىز. لېكىن سەئىد ئىبنى ئۇمەر توغرىسىدا ھەقىقىي يەكۈن شۇكى: شۈبھىسىزكى، ئۇنى زىندىق دەپ تۆھمەت قىلىشنىڭ دەلىلى يوق. ھەمدە ئۇنى زامانداشلىرى ئىچىدىن ھېچكىم ئۇنداق دەپ تۆھمەت قىلمىدى. پەقەتلا ئۇنى ئىبنى ھەببان ۋە ھاكىمغا ئوخشاش كېيىنكىلەر تۆھمەت قىلدى. ئەمدى ئۇ كىشىنىڭ يالغان بىلەن تۆھمەت قىلىنىشىغا كەلسەك، يالغانىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇ كىشىنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرىدە خاتالىق چۈشۈپ قالغانلىقىدىندۇر. ئۇنداق بولۇش ئۇ كىشىنىڭ ھەدىسكە بىپەرۋالىق قىلغانلىقىدۇر. بۇ كىشىنىڭ رىۋايەتلىرىدە ئۇنىڭ قەستەن يالغان ئېيتقىنىغا دالالەت قىلىدىغان بىرەر سۆز ئاشكارا بولمىدى. ئەمما تارىخ توغرىسىدا ھەقىقەتەن ئۇ كىشى تارىخ مەسىلىسىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەدىس ئۆلىمالىرى ئۇنىڭ **«الرد والفتوح»** ناملىق كىتابىغا تايىنىدۇ. ھاپىز ئىبنى ھەجەر ئۆزىنىڭ **«فتح البارۇ»** كىتابىدا ئۇنىڭ ئاشۇ كىتابىدىن نۇرغۇن نەقىللەرنى نەقىل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن دەلىل كەلتۈرىدۇ. سەئىد ئىبنى ئۇمەرنىڭ تارىخ رىۋايەتلىرىگە ئوبدان نەزەر سېلىشى ئاشۇنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ رىۋايەتلىرىدە ئىشەنچلىك

سۆزلەرگە قارشى كىلىدىغان بىرمۇ سۆز يوق. بۇنىڭ رىۋايەتلىرى پەقەت كىشىلەر ئەقىللىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدىغان توغرا ئاساسقا ئىگە يوللار بىلەن رىۋايەت قىلىنغان، ھەدىسلەرنىڭ بەزەن بىر بۆلۈكلىرىنىمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سۆزلەنگەن ۋە ئىشەنچلىك ھالدا بايان قىلىنغان ھالەتتە كەلدى. مانا بۇ نەقلى قىلىشتىكى راستچىللىقنىڭ دەلىلىدۇر. ھاپىز ئىبنى ھەجەرنىڭ بۇ كىشى ھەققىدە دېگەن تۆۋەندىكى سۆزى نېمە دېگەن ياخشى ـ ھە! «بۇ كىشى ھەدىستە ئاجىز، تارىختا ئىشەنچلىك».

ئاشۇ يۇقىرىقى ئۈچ ئادەمنىڭ قىلغان رىۋايەتلىرى ئىچىدىن سەئىد ئىبنى ئۇمەردىن باشقىنىڭ رىۋايەتلىرى ئالتە كىتابنىڭ بەزىسىدىمۇ يوق. بۇ ئالتە كىتاب ئىشەنچلىك ھەدىس كىتابلىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز يۇقىرىدا كەلگەن خەۋەرلەرنىڭ بەزى توغرا كەلمىگەن تەرەپلىرىدىن ئېھتىيات قىلغان ئاساستا تۇرۇپ، بۇنىڭ رىۋايەتلىرىگە بىر قەدەر قانائەت قىلالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىز مۇشۇ پىتنە ھادىسىسىنى ئاللاھ خالىسا كىشىلەر قانائەت ھاسىل قىلغۇدەك ھالدا سۈرەتلەپ بېرەلەيمىز.

2. ئىچكى جەھەتتىن تۈزۈش.

بۇ ئىچكى جەھەتتىن تۈزۈش ـ مۇشۇ جەھەتتىكى رىۋايەتلەرنى ئۆزى توغرا بولغان لېكىن شۇ ھادىسىنى تەپسىلىي تولۇق ھالدا سۆزلىمىگەن ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق نامايەن بولىدۇ.

گەپنىڭ مەركىزى ئاشۇ پىتنىنىڭ كەينىدە شۇ پىتنىنى ھەرىكەتلەندۈرگەن مەخپىي بىر قولنىڭ مەۋجۇتلىقى ھەققىدە بولۇپ بۇ ھادىسىنى تەپسىلىي سۆزلەيدىغان رىۋايەتلەر ۋە بىر بۆلۈك رىۋايەتلەر ھەممىسى ئاشۇ مەخپىي قولنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم مەسىلىگە بىردەك قارايدۇ. لېكىن ئوتتۇرىدىكى ئىختىلاپ بولسا شۇ قولنىڭ كىمنىڭ قولى؟ قايسى قول؟ ئىكەنلىكىنى بەلگىلەش توغرىسىدا بولىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇشۇ قولنى بەلگىلەش توغرىسىدىكى سەھىھ، ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە ياكى ئەقىللەرگە زىت كېلىدىغان رىۋايەتلەرنى ئىلغاشقا دىققىتىمىزنى قارىتىمىز. ھەقىقەتەن ۋاقىدى ۋە ئەبۇ مەغنەپ بىزگە ئاشۇ

مەخپىي قوللارنىڭ خەۋىرىنى روشەن سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاشۇ قوللار بولسا تەلھە، زۇبەيرە، ئائىشە، ئەمر ئىبنى ئاس، مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى، ھۇزەيفە ۋە ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ئەجمەئىينلەرگە ئوخشاش ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەتراپىدىكى ساھابىلارنىڭ قولى، ئۇلار ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى كۈچلەرنى قوزغاشتا شېرىك».

سۆزلەشكە لايىق بىر سۆز شۇكى، شۇبھىسىزكى، شەرقشۇناسلار (شەرقنى تەكشۈرگۈچىلەر) مۇشۇ پىكىرنى قوبۇل قىلىپ يەنە باشقا كۆز قاراش، پىكىرنى زورمۇ ـ زور بىر پۈتۈن بىلىمەس بولىۋالدى ياكى ئىنكار قىلدى. بۇلارغا مۇشۇ نەزەرىيەدە مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىدىن بەزى تارىخچىلار تەقلىد قىلىپ تارىخقا يېزىپ قويدى. بۇ ئادەم ئازابلىنىدىغان بىر ئىش. بۇ پىكىر، كۆز قاراش بىر خەتەرلىك پىكىر بولۇپ نەتىجىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتتا ساھابىلىرىغا تەنە قىلىش ۋە ئۇلارنى سۈيقەست قىلغۇچىلار ۋە قاتىللار كۆرۈنىشىدە ئىزھار قىلىدىغان بىر خەتەرلىك پىكىردۇر. بۇ پىكىرنىڭ خەتەرلىك بولۇشى ئەمەلىي تەرەپتىن ساقىت بىر كۆز قاراش ئىكەنلىكىگە نىسبەتەندۇر. بۇ مەسىلىدە ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدىغان توغرا رىۋايەت يوق. لېكىن ئازراقلا پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇلارنىڭ شېرىك ئىكەنلىكىنى ياكى بەزىسىنىڭ شۇ ئىشتا شېرىك بولغانلىقىنى ئەمەلىيەتتىن يىراق قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى، تەلھە، زۇبەيرە، ئائىشە ۋە ئەمر ئىبنى ئاسلارنىڭ خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپتىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىنىنى تەلەپ قىلىشتا بەك چىڭ تۇرۇپ، پىتنىنى كۈچەيتىشكە ۋە ئۇنىڭ ئوتىنى قىزىتىشقا شېرىك بولۇشى ئەقىلغا سىغامدۇ؟ ئۇلار ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپقا: سەن خەلىپە بولغاندىن كېيىن ئەمدى ئوسماننىڭ قاتىللىنى تېپىپ، قان قىساسىنى ئېلىپ بەرگىن دېگەن (بۇ يەردە شۇ مەنا كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك). پىكىر قىلىش بىزنى ھەر خىل قالايمىقانچىلىققا ئېلىپ بارسىمۇ ۋە بىزگە يامان گۇمان غالىب كەلسىمۇ، بىزنىڭ ئۇنداق ئەقلىمىزنى ۋە ئۆلچەملىرىمىزنى مەسخىرە قىلىدىغان كۆز قاراشقا بېرىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئەلىنىڭ قوشۇنلىرى ئىچىدە ئەلىگە ئۇقتۇرماي ئۇنىڭ پىكىرىگە قارشى ئوسماننى ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ بارغان مۇھاسىر قىلغۇچىلار

ئىچىدە بىر تۈركۈم ئادەملەر بار ئىدى. مۇشۇ مۇھاسىر قىلغۇچىلار تەلەپ، زۇبەير، ئائىشە ۋە ئەمىر ئىبنى ئاسلارنىڭ ئۆز ئەسھابىلىرىنى يەنى ھەمراھلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە ئوسمانغا قارشى خالايىقلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە شېرىكلەشكەنلىكىنى بىلمەمتى؟ ئەگەر ئۇلار شۇنداق بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ئەلىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى يۇقىرىقى ساھابىلارغا قارشى قانداقمۇ ئوسماننىڭ قان قىساسىنى ئىمامىمىز ئەلىدىن تەلەپ قىلىدۇ؟ ھالبۇكى ئوسماننى ئۆلتۈرۈشكە ئۆزلىرى قۇتراتقۇلۇق قىلغان تۇرسا دەپ ئۇلارنى مەسخىرە قىلغان ۋە ھۆججەتتە يەڭگەن ھالدا ئۈستۈن ئاۋازدا توۋلىماسمىدى؟ (چۈنكى ئۇلار شۇ يەردە بولغاچقا تەلھە قاتارلىق ساھابىلار شۇ ئىشقا قاتناشقان بولسا ئۇلارنى كۆرەر ئىدى دېمەكچى). ئەلۋەتتە بىز قائىدىگە مۇۋاپىق ۋە جىددى بولۇشىمىز ۋە ئاشۇ ساھابىلارنىڭ پىتنىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە ئۇنى قوزغاپ قويۇشتا باشقىلارغا شېرىك بولغانلىقىنى، ئۇندىن كېيىن شۇ پىتنىنى ھەرىكەتلەندۈرگەن، قوزغىغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشنى يىراق سانىشىمىز لازىم. ئەلۋەتتە ۋاقىدى ۋە ئەبۇ مەغنەپ بىزگە ئەقىلگە ئۇيغۇن، خاتادىن خالىي ھالدا پىتنە ئارقىسىدىكى مەخپىي قول توغرىسىدا ئۇچۇق بىر نەرسە تەقدىم قىلمىغان بولسىمۇ، ھەقىقەتەن سەئىد ئىبنى ئۇمەر روشەن ھالدا ئاشۇ مەخپىي قول توغرىسىدا تەكشۈرۈشنى ئوچۇق، مۇكەممەل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتۈپ تارىخىي بايانىتنى كەلتۈرۈپ بىزگە شۇ ھادىسىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىش باسقۇچلىرىنى توغرا قىلىپ بېرىدۇ. ھەمدە بۇ ھادىسىنى شۇ زامان ھادىسىلىرىدىكى تارىخىي دولقۇنلار ئارىسىدا قويىدۇ. بۇ مەخپىي قول ئابدۇللا ئىبنى ساباھ ئىسىملىك بىر شەخسنىڭ قولىدۇر. ساباھى پىرقىسى ئۇنىڭغا نىسبەتلىنىدۇ. ھەقىقەتەن بىزگە ۋاقىدى ۋە ئەبۇ مەغنەپنىڭ رىۋايىتىنىڭ ساختىلىقى ئاشكارا بولغاچ بىزنىڭ ئالدىمىزدا پەقەت سەئىد ئىبنى ئۇمەرنىڭ توغرا، تاللانغان رىۋايەتلىرىگە قارشى كەلمەيدىغان رىۋايەتلا قالدى. بۇ رىۋايەت ئەقىل قوبۇل قىلىدىغان نەرسىلەر قاتارىدا قېلىپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سەئىد ئىبنى ئۇمەرنىڭ رىۋايىتىنىڭ خۇلاسىسىنى بەك ئەھمىيەت بىرى شىلەن بىرگە ئوتتۇرىدا قويماي بولمايدۇ. بۇنداق قىلىشىمىز توغرا، تاللانغان رىۋايەتلەر نۇرى

www.uyghurkitap.com

ئاستىدا بولىدۇ.

## سەئىد ئىبنى ئۇمەرنىڭ پىتنە توغرىسىدا ۋە ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ خۇلاسىسى

ئابدۇللا ئىبنى ساباھ يەھۇدى بولۇپ يەمەننىڭ سىرتا دېگەن يېرىدىن ئىدى. ئۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىسىدا مۇسۇلمان بولغان. ئۇندىن كېيىن ئۇ مۇسۇلمان شەھەرلىرىدە مۇسۇلمانلارنى ئازدۇرۇشنى قەستلەپ قاترايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ دەسلەپ ھىجاز بىلەن باشلاپ ئۇندىن كېيىن بەسرە، ئۇندىن كېيىن كۇفە، ئۇندىن كېيىن شام قاتارلىق يەرلەردە قاتراپ، نەتىجىدە ئۆز گېپىنى قوبۇل قىلدىغانلار بىلەن شامدىن باشقىسىدا ئۇچراشتى. شاملىقلار ئۇنىڭ پىكرىنى پەقەت قوبۇل قىلماي ئۇنى چىقىرىۋەتتى، ئاخىرى ئۇ مىسىرغا كېلىپ مىسىرلىقلارنىڭ قېشىدا ئورۇنلىشىپ شۇ يەردە ئۆزىنىڭ دەھرىنى تارقىتىشقا باشلىدى. ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىش شۇكى، بەزى كىشىلەر ئابدۇللا ئىبنى ساباھ ھەقىقىي مەۋجۇت بولمىغان بىر ۋەھىمى شەخس دەپ پۈتۈن تارىخ كىتابلىرى ئۇنىڭ توغرىسىدا سۆزلىگەنگە قارىماستىن گۇمان قىلىدۇ. ھەقىقەتەن تەنقىد قىلىش، تۈزۈش كىتابلىرىدا ئابدۇللا ئىبنى ساباھ توغرىسىدا ئۇنىڭ مۇئەييەنلىگىنى تونۇشتا شەككە ئورۇن قالدۇرمايدىغان سۆزنى تەپسىلىي سۆزلىدى. بۇنداق سۆزلەشنى تېخى ئۇنىڭ شەخسىيىتىنى تونۇشتا بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ۋە خەۋەرلىرىنى تونۇشتىمۇ تەپسىلىي سۆز قىلىدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى ساباھ (يەنى قارا خوتۇننىڭ بالىسى) نىڭ مۇئەييەن بىر شەخس ئىكەنلىكىنى تەنقىتچىنىڭ ئۇنىڭ ئەھۋالى ھەممىگە ئايان تۇرۇپ

«بىلمەيمەن» دەيدىغان بۇ ئىش قانداق مەقسەتتە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. دېمەك، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تونۇش ئۇنىڭ شەخسىيىتىنى تونۇشنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەھۋالى تەدبىر ۋە تەنقىد ئالىملىرىنىڭ ئالدىدا تونۇشلۇقدۇر. مەن ئىبنى ساباھ ھەققىدە سۆزلەنگەن كىتابلارنىڭ بەزى تەرىپىنى سۆزلەشكە كۆپايە قىلىمەن. ئىمام زەھەبى «مىزانۇل ئېتىدال» دېگەن كىتابىنىڭ **2** ـ توم **426** ـ بەتتە «ئابدۇللا ئىبنى ساباھ ھەددىدىن ئارتۇق دىنسىز بولۇپ، ئازغۇن ۋە ئازدۇرغۇچىدۇر» دەيدۇ. زەۋجانى «ئابدۇللا ئىبنى ساباھ ھەقىقەتەن قۇرئان توقۇز پارچە ئىچىدىن بىر پارچە بولۇپ، بۇنى پەقەت ئەلى بىلىدۇ دېدى» دەيدۇ. بۇ يەردە ئۇنى كەلتۈرۈش گەرچە بۇ سۆز تۈپتىن خاتا بولسىمۇ ئۇنىڭ (يەنى ئابدۇللا ئىبنى ساباھنىڭ) مۇئەييەن بىر شەخس ئىكەنلىكىگە دەلىل.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر «لىسانۇل ئېتىدال» نىڭ **3** ـ توم **389** ـ بەتتە «ئابدۇللا ئىبنى ساباھ ئەششەددى دىنسىزلەر جۈملىسىدىندۇر» دەيدۇ. شۇئىبىدىن نەقىل قىلىنىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «يالغانچىنىڭ بىرىنچىسى ئابدۇللا ئىبنى ساباھدۇر». ئەبۇ جەلەسىدىن نەقىل قىلىنىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھەزرىتى ئەلى ئابدۇللا ئىبنى ساباھقا: «ھەقىقەتەن قىيامەتنىڭ ئالدىدا **30** يالغانچى بار، ئەلۋەتتە سەن ئاشۇ يالغانچىلارنىڭ بىرى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم». زەھەبى ھەم ئابدۇللا ئىبنى ساباھنى ئۆزىنىڭ «ئەلمەغنافي زۇئەفا» دېگەن كىتابىنىڭ **319** ـ بېتىدە سۆزلەپ ئۆتىدۇ. خۇلاسە شۇكى، ھەدىس ئالىملىرىنىڭ كىتابلىرى، ئەقىدە كىتابلىرى، تارىخ كىتابلىرى ئابدۇللا ئىبنى ساباھنى سۆزلىگەن ھالەتتە بۇ ئادەمنىڭ مەۋجۇتلىقى توغرىسىدىكى شەك مۇشۇ گەپتىنمۇ كېيىن قېلىپ قالارمۇ؟ ھەقىقەتەن مەن ئاشۇ ئادەملەرگە شائىرنىڭ مۇنۇ سۆزىدىن باشقا مىسالنى تاپالمايمەن.

ھەقىقەتەن كۆز قۇياشنىڭ نۇرىغا ئىنكار قىلىدۇ، كېسەللىكتىن،
ئېغىز سۇنىڭ تەمىگە ئىنكار قىلىدۇ كېسەللىكتىن.

شۇنى دەپ ئۆتۈش كېرەككى، ئابدۇللا ئىبنى ساباھنىڭ سىرتقى جەھەتتىكى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇنىڭ مەخپىي ھالدا ئىسلامغا،

www.uyghurkitap.com

خەلىپىلەرگە زىت ئىش قىلىشى چوڭ بىر ئەھۋالغا ئوخشايدۇكى، بۇ ئەھۋالنى يەھۇدى دىنىنىڭ ھەرىكىتىنى تەسىس قىلغۇچى سىتتەي سەيپى قىلغان بولۇپ، بۇ ئادەم ئىسلامنى قوبۇل قىلغاننى ئاشكارا قىلىپ، ئەمىلىيەتتە يەھۇدىيلىققا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇ ھەرىكىتى بولسا سۇلتان ئابدۇلھەمىتنى تەختتىن چۈشۈرۈشتە كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ تەختتىن چۈشۈشى بولسا، خەلىپىلىكنىڭ يىقىلىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئابدۇللا ئىبنى ساباھنىڭ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىگە دەيدىغان گەپلىرىدىن بىرسى مۇنداق ئىدى «مەن ئىسا قايتىپ كېلىدۇ دەيدىغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قايتىپ كېلىشى يالغان دەيدىغان ئادەمدىن ئەجەبلىنىۋاتىمەن، ھالبۇكى ئاللاھ ئەززە ۋە جەللا مۇنداق دېگەن تۇرسا:

«ساڭا قۇرئاننى (يەنى ئۇنى تەبلىغ قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ ئەھكامىغا ئەمەل قىلىشنى) پەرز قىلغان زات سېنى ئەلۋەتتە قايتىدىغان يەرگە (يەنى مەككىگە) قايتۇرىدۇ.» (سۈرە قەسەس **85** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قايتىپ ئۇممەتنىڭ قېشىغا كېلىشكە ئىيسادىن ھەقلىق». (يەنى بۇ ئادەم «قايتىدۇ» دېگەن سۆزنى ئۆزگەرتىپ «ئۆلگەندىن كېيىن مۇشۇ دۇنياغا قايتىدۇ» دەپ چۈشەندۇرگەن)

دۈشمەننىڭ شۇ دەرىجىدىكى قەبىھ ئىكەنلىكىگە قاراڭ. نەتىجىدە مىسىرلىقلار بۇ سۆزنى قوبۇل قىلىدى. ئۇلارغا بۇ يەھۇدى «رەجئەت» ئەقىدىسىنى تەيىنلەپ بەردى. ئۇندىن كېيىن بۇ يەھۇدى ئابدۇللا ئىبنى ساباھ يەنە مۇنداق دېدى: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب خەلىپىلىككە ۋەسىيەت قىلىنغانلارنىڭ ئاخىرقىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلىمىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەسىيەت قىلغان ئادەم ئۈستىگە سەكرەپلا (يەنى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھەرىكەتلىنىپ) مۇشۇ ئۇممەتنىڭ خەلىپىلىك ئىشىنى قولغا ئېلىۋالغان ئادەمدىنمۇ زالىم بىر كىم بارمۇ؟» (بۇ يەھۇدى مۇشۇ گېپى بىلەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەقسەت قىلماقچى)،

ئۆندىن كېيىن بۇ يەھۇدى ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىگە ئوچۇق ھالدا «ھەقىقەتەن ئوسمان خەلىپىلىكنى ناھەق قولغا ئېلىۋالدى، ئەلى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەسىيەت قىلغان ئادەمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلە توغرىسىدا قوپۇڭلار ــ دە بۇ ئىشنى ھەرىكەتلەندۈرۈڭلار» دېدى. ئۇ ئادەملەرنى ئەمرى ــ مەئرۇف، نەھيى مۇنكەر قىلىش بايرىقىنى كۆتۈرۈش ئارقىلىق شۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئۇلار بۇ پىلاننى ۋالىيگە تەنە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرىدىن شىكايەت قىلىش بىلەن باشلىدى. ئابدۇللا ئىبنى ساباھ باشقا شەھەرلەردىكى ئەگەشكۈچىلىرىگە ئەمرى ــ مەئرۇف، نەھيى مۇنكەر شۇئارى ئاستىدا مۇشۇ ئىشنى (يەنى مەقسىتىنى) ئىجرا قىلىش ئۈچۈن خەت يازدى. بۇ يەھۇدىنىڭ ھەر شەھەردىكى گۇرۇھلىرى يالغان ۋە تۆھمەت قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا بولۇۋاتقان زۇلۇم ۋە پاساتلار توغرىسىدا خەت يېزىپ ئۇنى باشقا شەھەرلەرگە ئەۋەتكىلى تۇردى. نەتىجىدە بۇ خەتلەر كىشىلەر ئاڭلايدىغان بازاردەك يەرلەردە ئوقۇلاتتى. بۇنى ئاڭلىغان ھەر شەھەردىكى ئادەملەر «ئاشۇ خەۋەرى كەلگەنلەر مۇپتىلا بولغان بالايى ــ ئاپەتلەردىن بىز ساق قاپتىمىز» دېيىشەتتى. دېمەك، ھەممە ئورۇندا پىتنە ــ پاسات ۋە بالايى ــ ئاپەت ئومۇملىشىپ كىتىپتۇ، يامانلىق پەللىگە يىتىپتۇ دېگەندەك سۆزلەر تاراپ كەتتى. ھەممە ھەر شەھەر ئادەملىرى «بىز تۇرۇۋاتقان شەھەردىن باشقا شەھەردىكىلەر زۇلۇم ــ پاساتنىڭ ۋە يامان ئەھۋاللارنىڭ تۇپەيلى جاپا چىكىۋېتىپتۇ» دېگەن ئويلارنى تەسەۋۋۇر قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئۆز شەھەرلىرىنى خاتىرجەم، باشقا شەھەرلەرنى ئاشۇنداق جاپادا ئىكەن دەپ گۇمان قىلىشى، ئۇلار يەنى ھەر شەھەردىكى ئادەملەر بۇنداق زۇلۇم ناھەقچىلىكنى قىلچىمۇ كۆرمىگەن ئىدى. دېمەك ھەر تەرەپ خاتىرجەم بولسىمۇ ئۇلار

بىر- بىرىنى ئۇقۇشۇپ تۇرالمىغاچ دۈشمەنىنىڭ گېپى بويىچە باشقا شەھەرلەردە شۇنداق ئوخشايدۇ دېيىشىپ قالاتتى (ھەر تەرەپتە شۇنداق سۆز- چۆچەك تارقىتىلغان بولسا كېرەك).
ھەزرىتى ئوسمان ھەر شەھەرلەردە قوزغىلىۋاتقان بىر خىل كەيپىياتنى سىزىپ دەرھال ئۇلارغا خەت يازدى. ئۇ خېتىدە مۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئاللاھقا ھەمدۇ- سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتقاندىن كېيىن مەقسەت، شۈبھىسىزكى، مەن قول ئاستىمدىكى خىزمەتچىلەردىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا مۆكەممەل ھېساب ئېلىپ تۇرىمەن. مەن ئەمرى- مەئرۇف، نەھيى- مۇنكەر قىلىشقا مەسئۇل بولغىنىمدىن تارتىپ ئۇممەت ئىشىغا ئىگە قىلىندىم. شۇڭا ماڭا مېنىڭ قول ئاستىمدىكى خىزمەتچىلەر ئۈستىدىن داۋا قىلىپ كېلىنسە مەن ئۇنىڭ تەلەپ قىلغىنىنى بېرىمەن. مېنىڭ ۋە ئائىلەمنىڭ پۇقرالار ئالدىدا ھەققى يوق. لېكىن پۇقرالارغا قالدۇرۇلغاندۇر. ھەققەتەن ماڭا شەھەر ئەھلى بىر بۆلۈك قەۋملەر ئازار بېرىپ دەشنەم قىلىۋاتىدۇ. يەنە بىر بۆلۈكلىرى ئۇرۇۋاتىدۇ (پىتنىچىلەر ئوسمانغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلەرنى زالىم دەپ ئىغۋا تارقاتقان، ھەزرىتى ئوسمان بۇ يەرە شۇنى كۆزدە تۇتىۋاتىدۇ) دېگەندەك گەپلەرنى كۆتۈرۈپ كەلدى، ئى مەخپىي ئۇرۇلغان، مەخپىي دەشنەم بېرىلگەنلەر! كىمكى مۇشۇنداق ئەھۋاللاردىن بىرەرسىنى ماڭا دەۋا قىلماقچى بولسا، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كېلىپ ئۆزىنىڭ ھەققى مەندە بولسا مەندىن، خىزمەتچىلىرىمدە بولسا ئۇلاردىن تولۇق ئالسۇن ياكى كەچۈرۈم قىلىۋەتسۇن، چۈنكى ھەققەتەن ئاللاھ كەچۈرۈم قىلغۇچىلارغا ياخشى مۇكاپات بېرىدۇ».

ھەزرىتى ئوسماننىڭ بۇ خېتى ھەر قايسى شەھەرلەردە ئوقۇلغان ۋاقىتتا كىشىلەر يىغلىشىپ ھەزرىتى ئوسمانغا دۇئا قىلىشىپ مۇنداق دېيىشتى: «ھەققەتەن بۇ ئۇممەت بىر يامانلىققا يېقىنلىشىپ قاپتۇ». دەرھەقىقەت خەلق چوڭ بىر يامانلىققا يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. دېمەك، ئابدۇللا ئىبنى ساباھ ئۆزى مىسىردە تۇرۇپ ھەممە كىشىلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى قۇترىتاتتى. ئۇنىڭ كۇفەدىمۇ، بەسرەدىمۇ گۇرۇھلىرى بار ئىدى. لېكىن ئۇ بۇلار

ئوتتۇرىسىنى ئۆز سىزىقى ۋە ئىرادىسى بويىچە تۇتۇپ تۇرالايتتى. ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ھالدا مەدىنىگە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ گۇمانىچە ئۇنىڭ قىلغان زۇلۇملىرىغا قارىتا زۇكۇنلىشىش، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ خاتالىقىنى سۆزلەش ۋە ئۇنى ئۆز خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن مېڭىشىمۇ ئابدۇللا ئىبنى ساباھنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولغانىدى. ھەم ئەگەر ئوسمان گۇناھىنى ئېتىراپ قىلسا ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن خالايىققا «ئوسمان خاتالىقىنى تاشلىمىدى ۋە تەۋبە قىلمىدى» دەيدۇ ـ دە ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ قېنى ھالال بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خەلىپىلىككە ئۇنىڭدىن لايىق ئادەم ئىگە بولىدۇ، مانا بۇ ئۇلارنىڭ قۇرسىقىدىكى نىشانى بولسا كېرەك. ئابدۇللا ئىبنى ساباھ مىسىرلىقلارنى ئەلى خەلىپىلىككە ئوسماندىن ھەقلىق دېگەنىگە، بەسرەلىكلەرنى تەلھە خەلىپىلىككە ھەقلىق دېگەنىگە، كۇفەلىكلەرنى زۇبەير خەلىپىلىككە ھەقلىق دېگەنىگە قانائەت ھاسىل قىلدۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئەمەلگە ئاشقان ھامان كىشىلەر ئۆز ـ ئارا ئىختىلاپ قىلىپ قېلىشى، نەتىجىدە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان پىتنە، ئىچكى زىددىيەت مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئىدى. ئۇلار كېيىن خەلىپە سايلىماقچى بولغانىدا، ھەر شەھەرلىكلەر ئوخشاشمىغان نامزات كۆرسىتىپ، بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىشنى كۆزدە تۇتقان. ئاللاھ يەھۇدىيلارنىڭ بۇنداق نىجىسلىقلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە لەنەت قىلسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر شەھەردىن مىڭغا يېقىن ئادەم مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن چىقىپ مەدىنىگە يېتىپ كەلدى ۋە ئۆز ئىچىدىن ئەلچى بەلگىلەپ نىشان قىلغان ئادىمىنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. مىسىرلىقلار ئەلىنىڭ قېشىغا، بەسرەلىكلەر تەلھەنىڭ قېشىغا، كۇفەلىكلەر زۇبەيرنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار ئۆز ئادەملىرىنىڭ بەزىسىنى ئەلى، تەلھە، زۇبەيرلەردىن ئۆزلىرىنى شەھەرگە كىرىپ ئوسماندىن بەزى ۋالىيلارنى خىزمەتتىن قالدۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىۋېلىشقا كەڭچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىپ ئەۋەتتى. لېكىن بۇ كاتتا ساھابىلار ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەتتۈرىۋەتتى ۋە مۇنداق دېيىشتى: «بۇ پات يېقىندا چۇجە چىقىرىدىغان تۇخۇمدۇر» (يەنى بۇ

سۆزى ئۇلارنىڭ بىر ئىش چىقىرىدۇ دېگىنىدىن كىنايە).

توغرا رىۋايەتلەرنىڭ بەزىسىدە ھەزرىتى ئوسمانىنىڭ ئاشۇ كىشىلەرنىڭ يېنىغا (شەھەر سىرتىغا) چىقىپ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ھۆكۈم قىلدۇرۇشقا چاقىرغانلىقى، ئۇلار قوبۇل قىلىپ قۇرئاننىڭ ھۆكمىگە كەلگەنلىكى، ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئورۇنسىز تۆھمەتلىرىنى رەت قىلىپ، تۆھمەت قىلغانلىقىغا قاندۇرغانلىقى، ئۇلارنى ئازراق خاتالىقىغىچە چالا قويماي ئىقرار قىلدۇرغانلىقى ۋە رەببىدىن ئۇلارنىڭ خاتالىقى ھەققىدە كەچۈرۈم سورىغانلىقى ھەم ئۇلارنىڭ ئىتائەتنى بۇزماسلىق، بىرلىكنى، جامائەتنى پارچىلىماسلىق ھەققىدە بىرلىككە كەلگەنلىكى ۋە ئەھدە قىلغانلىقى، ھەزرىتى ئوسماننىڭ شۇ توغرىدا ئۇلاردىن ئەھدە ئالغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

ئۇندىن كېيىن ئۇلار ئۆز ماكانلىرىغا ئۆز شەھىرىنىڭ يولى بىلەن ھەر تەرەپكە كىتىشتى. مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار بۇ چاتاق ئەمدى تۈگىدىغۇ دەپ گۇمان قىلىشىپ نۇرغۇنلىرى ھەجگە چىقىپ كەتتى. بۇ ئىش زۇلقەئدە ئېيىدا بولغان ئىدى (يەنى ھەج قىلىش ئايلىرى ئىدى). لېكىن قوزغىلاڭچىلار مۇشۇ ئەھۋالدىن كېيىن مەدىنىگە يەنە قايتىپ كەلدى. مەدىنىلىكلەر پەقەت شەھەر ئەتراپىدىكى تەكبىر ئاۋازىنىلا سىزەلىدى. ئۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھەزرىتى ئەلى چىقىپ مۇنداق دېدى: «سىلەر ئۆز پىكرىڭلاردىن يېنىپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە سىلەرنى نېمە قايتۇرۇپ كەلدى؟» مىسىرلىقلار مۇنداق دېدى: «بىز بىر پوچتاكەشتىن ئوسماننىڭ تامغىسى بېسىلغان بىر خەتنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ئۇ خەتتە ئوسمان مىسىردىكى ۋالىيغا بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇق قىپتۇ». ھەزرىتى ئەلى مۇنداق دېدى: «ھە مىسىرلىقلارغۇ خەت تاپشۇرۇۋالسۇن، ئۇنداققۇ ئەمەس. ماقۇل. ئى كۇفە ئەھلى! ئى بەسرە ئەھلى! سىلەر مىسىر ۋالىيسىغا ئەۋەتىلگەن خەتنىڭ خەۋىرىنى قانداق بىلدىڭلار؟ ھالبۇكى سىلەر ئۆز شەھىرىڭلارغا بېرىش يولىدا بىر قانچە قوناغلىق مېڭىپ بولغان تۇرساڭلار. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلار مەدىنىدە مەسلىھەتلىشىۋالغان ئىش ئىكەن. يەنى بۇ يەردىن بىرىنچى قىلىپ ئايرىلار ۋاقتىدا مەسلىھەتلەشكەن ئىكەنسىلەر». بۇ

گەپنى ئاڭلىغان قوزغىلاڭچىلار مۇنداق دېدى: «نېمىنى گۇمان قىلسىلا مەيلى، لېكىن بۇ ئوسماننى تەختتىن چۈشۈرمىگىچە ھەرگىز قايتمايمىز». ئۇلار مەدىنىدە تۇرىۋالدى.

بۇ يەردە خەت مەسىلىسى ھەققىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى نۇرغۇن دەلىللەر ھەقىقەتەن بۇ خەتنىڭ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا توقۇلما بۆھتان ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىرىنچى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئۇلارغا بەسرەلىكلەر ۋە كۇفەلىكلەر خەتنىڭ خەۋىرىنى قانداق بىلدى؟ دېگەن سۇئالنى قويۇشى. دېمەك، بۇ ئەھۋال شۇ ئىشنىڭ ئەمىلىيەتتە مەدىنىدە بىرىنچى قېتىملىق قايتىپ كېتىشتىن ئىلگىرى بىردەك قارار قىلىنغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىككىنچى، بەزى ئىشەنچلىك رىۋايەتلەردە مۇشۇ خەتنى ئېلىپ ماڭغان ئادەمنىڭ مىسىرلىقلارغا يېقىن كېلىپ، ئۇلارغا يۇلۇقۇپ، ئۇندىن كېيىن ئۇلاردىن ئايرىلىپ كېتىپ، يەنە ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، ئاندىن كېيىن يەنە ئۇلاردىن ئايرىلىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، ھەتتاكى ئۇلار ئۇنىڭغا نېمە ئىش قىلىسەن؟ بىر ئىش قىلىدىغاندەك تۇرىسەن؟ قانداق ئىش قىلماقچى؟ دېگەنلىكى، ھېلىقى خەت ئېلىپ ماڭغان ئادەمنىڭ «مەن ئەمىرىل مۇئمىنىين ئوسماننىڭ مىسىردىكى خىزمەتچىسىگە (ئەمەلدارى، ۋالىيسىغا) ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن» دېگەنلىكى، ئۇلار ئۇنى تەكشۈرۈپ باقسا ئۇنىڭ يېنىدىن ھېلىقى خەت چىققانلىقى سۆزلىنىدۇ. مانا بۇنىڭدىن ھېلىقى پوچتاكەشنىڭ قەستەن تونۇلۇشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاردىن مۇشۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دېدى: «سىلەر ماڭا قارىتا مەن خاتا ئىش قىلغان بولسام مۇسۇلمانلاردىن ئىككى ئادەمنى گۇۋاھلىققا كەلتۈرۈڭلار ياكى مەن سىلەرگە بۇ خەتنىڭ مېنىڭ خېتىم ئەمەسلىكىگە قەسەم قىلىمەن. بەلكى ماڭا تۆھمەت قىلىنغان، مېنىڭ تامغامدەك تامغا ئويدۇرغان بولسا كېرەك»، بەلكى تېخى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاردىن خەت توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ خەت ئىملاسىنى تونۇيدىغانلاردىن بەزىسىنى ھۆكۈم قىلدۇرۇشنى

تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قـوزغىلاڭچىلار ئۇنىمىـدى ۋە مۇنـداق دېـدى: «ھەقىقەتەن ئاللاھ سىنىڭ قېنىڭنى تۆكۈشنى (ئۆلتۈرۈشنى) ھالال قىلـدى ۋە سەن ئەھدىنى بۇزدۇڭ». ئۇلارنىڭ بۇ ھالدىكى پەيلىنـى كۆرگەنـدىن كېيىن ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىـش ئۈچـۈن مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇۋىدى، قوزغىلاڭچىلار ئۇنىڭغا تـاش ئـاتتى. نەتىجىـدە ئوسـمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىھۇش بولۇپ يىقىلدى. ئۇندىن كېيىن بـۇ كىـشى ئـۆيىگە يۆتكەپ كېلىندى. بۇ زاتنىڭ قېشىغا ئەلى، تەلھە ۋە زۇبەيرلەر كېلىـپ ئـۇنى يوقلاپ ئۇنىڭغا ئۆز دەرتلىرىنى تۆكۈپ، ئۇندىن كېيىن ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ كېتىشتى. مەدىنە ئەھلـى ئۆيـدىن پەقەت چىقمـاي ھەر بىـر ئـادەم ئـۆزىگە خەۋپ يېتىــشتىن قورقــۇپ قىلىچىنــى تۇتــۇپ ئولتــۇراتتى. قــوزغىلاڭچىلار مەدىنىنى 40 كۈن مۇھاسىرىگە ئېلىۋالـدى. قـوزغىلاڭچىلار تاللىغـان مۇشـۇ پۇرسەت ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتلىك بولغان ئىدى. چۈنكى شۇ ۋاقىتتا نۇرغۇن ئادەملەر قوزغىلاڭچىلار مەدىنىـدىن بىرىنچـى قېتىم قايتىــپ كەتكەن ۋاقىتتا ھەجگە چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئوسـمان رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ھەر قايــسى شــەھەرلەرگە يــاردەم ســوراپ خـەت يــازدى. ئــۇ قــوزغىلاڭ توغرىسىدىكى خېتىدە مۇنداق دېدى: «ھەقىقەتەن بۇ قوزغىلاڭچىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشى بار يەردە، ئۇنىڭ ھەرىمىـدە ۋە ھىجـرەت زېمىنىـدا بىزگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارغا ئەئرابىيلار ياردەملەشـتى. ئـۇلار گويـا ئەھـزاب كۈنىدىكى گۇرۇھلارغا ئوخشاش بولدى». ھەزرىتـى ئوسـماننىڭ بـۇ خېتىنـى ئاڭلاپ شەھەر ئەھلىلىرى ياردەمگە چىقتى، لېكىن ئـۇلار مەدىـنىگە يەتـمەي تـۇرۇپ ئوسـمان رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنىــڭ ئۆلـۈم ۋەقەسـىنى ئاڭلـىدى ۋە ئـۆز شــەھەرلىرىگە يېنىــپ كەتتــى. ھەقــقەتەن ئوسـمان رەزىيەللاھــۇ ئەنھـۇنى قوغداشقا ساھابىلارنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىر نەچچىسى تۇرغان ئىدى. ئۇلارنىــڭ ئىچىدە ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى ئىمام ھەسەن، تەلھەنىڭ ئـوغلى مـۇھەممەد ۋە زۇبەيرنىڭ ئوغلى ئابدۇللالارمۇ بار ئىدى. ئۇلار دادىلىـرى بۇيرىغـانلىقى ۋە بۇ توغرىدا نۇرغۇن كىشىلەر تەۋسىيە قىلغانلىقى جەھەتتىن ئىشىكنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا ھويلىنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆيىنى ئۈزۈپ قويـدى.

بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇ ھەبىبە بىر قىچىردا سۇ ئېلىپ كەلدى. ئۇلار بۇنىمۇ توسقاندىن كېيىن ئۇلارغا بۇ ئۇممۇل مۇئمىنىين ئۇممۇ ھەبىبە دەپ تونۇشتۇرۇلدى، ئۇلار قىچىرنىڭ يۈزىگە قاتتىق ئۇرۇپلا ئۇنىڭ ئارغامچىسىنى كىسىۋەتتى. زەربىگە چىدىمىغان قىچىر ئۇممۇل مۇئمىنىين ئۇممۇ ھەبىبەنى ئېلىپ قاچتى. ئۇممۇ ھەبىبە شۇ كۈنى قىچىر ئېلىپ قاچقاندا ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قالغان.

قوزغىلاڭچىلار ھەر قايسى شەھەرلەردىن يارادەمگە كىلىدىغان قوشۇنلارنىڭ كىلىپ قىلىشىدىن قورقۇپ قالدى ـ دە، ئۆزلىرىنى پەقەت ئوسماننى ئۆلتۈرۈۋېتىشلا قۇتقۇزۇپ قالالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. چۈنكى كىشلەر ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆلۈم ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالىدۇ ـ دە ئۇلار قېچىپ كىتەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەزرىتى ئوسماننىڭ ھويلىسىغا بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ كىردى. ھەزرىتى ئوسماننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بىر نەچچە ئادەم كىردى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ قولىدا قۇرئان بار بولۇپ ئۇنى ئوقۇۋاتاتتى. ھەزرىتى ئوسمان ھەر قاچان يېنىغا بىر كىم كىرسە ئۇنىڭغا «مەن بىلەن سىنىڭ ئوتتۇراڭدا ئاللاھنىڭ كىتابى بار» دەيتتى. بۇنى ئاڭلاپ يامان نىيەتتە كىرگەن ئادەم چىقىپ كىتەتتى. ئاخىرىدا ئۇنىڭ قېشىغا غافىقى دەيدىغان بىر ئەبلەخ كىرىپ ئۇنىڭغا تىغ ئۇردى ۋە ئالدىدىكى قۇرئاننى پۇتى بىلەن تېپىۋەتتى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئايالى نائىلە بىنتى تەرفىسە ئۇنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن كىلىۋىدى. شۇ جىنايەتچىلەرنىڭ بىرسى ئۇنى قەستلەپ قولىغا ئۇردى ـ دە بارماقلىرىنى كىسىۋەتتى، ھەمدە ھەزرىتى ئوسماننى ئۇرۇپ (يەنى قىلىچ بىلەن ئۇرغان بولسا كېرەك) ئۆلتۈرىۋەتتى. ئۇندىن كېيىن ئۇلار ھەزرىتى ئوسماننىڭ خادىملىرىنى ئۆلتۈردى. ھەمدە ھويلىسىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى ۋە بەيتۇل مالنى (يەنى مۇسۇلمانلار غەزىنىسىنى) بۇلاشنى قەست قىلدى. ساھابىلاردىن ھېچكىم ئوسمانغا يېقىن كىلىشكە قادىر بولالمىدى. كېيىن تەڭ كېچە بولغاندا مەرۋان چىقتى ۋە بەزى ساھابىلار، ئايالار ۋە كىچىك بالىلارمۇ كەلدى. ئۇندىن كېيىن ئۇلار ھەزرىتى ئوسماننى بەقىئ گۆرۈستانلىقىغا ئېلىپ بېرىپ شۇ يەرگە دەپنە قىلدى. ھەمدە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن خادىملىرىنىڭ بەزىسىنى دەپنە

قىلدى. لېكىن بۇلار يەنە ئىككى خادىمنىڭ نامىزىنى ئۆتىيەلمىدى، بۇ ئىككى خادىم ھويلىنىڭ سىرتىغا تاشلىۋېتىلگەن، كېيىن بۇ ئىككىسىنى ئىت يەپ كەتكەن ئىدى.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتى ھىجرىيىنىڭ **35** ـ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ **18** ـ كۈنى جۈمە كۈنلۈكتە بولغان ئىدى.

## ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدىكى ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىملىرى

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا يۈز بەرگەن ئىچكى قالايمىقانچىلىقتا قارىماستىن، ئۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرى دەسلەپلەردە ۋە ئالتە يىلدىن كۆپرەك مۇددەتتە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەدەم تاشلىغان ئۇلۇغ ئىشلار بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن بىر دەۋر ئىدى. قۇرئاننى نۇسخا قىلىپ كۆچۈرۈش، ئۇنى باشقا شەھەرلەرگە تارقىتىش، ئۇندىن كېيىن ئۇنىڭ زامانىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلامى پەتھلەر ئاشۇ ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىكلىرىدىن بولسا كېرەك.

**بىرىنچى، قۇرئان كەرىمنى كۆچۈرۈش.**

بىز ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇرئاننى توپلىغانلىقى، يەنى بىر پۈتۈن ھالغا كەلتۈرۈپ، دەسلەپكى پارچە ھالىتىدىن يىغىپ قويغانلىقىنى، بۇ ۋەزىپىنى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاپشۇرغانلىقىنى، قۇرئان كەرىمدىن بىر نۇسخا يېزىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىدە، ئۇندىن كېيىن ئۆمەرنىڭ ئۆيىدە، ئۇندىن كېيىن ئۇممۇل مۇئمىنىين ھەفسەنىڭ ئۆيىدە ساقلانغانلىقىنى يۇقىرىدا سۆزلىگەن ئىدۇق. ئىسلام ئەتراپقا كېڭىيىپ، ئىسلامى پەتھلەر ئومۇملىشىپ، ئىسلامغا ئەرەبتىن باشقا



www.uyghurkitap.com

مىللەتلەرمۇ كىرگەن ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ساھابىلىرى قۇرئاننى كىشىلەرنىڭ ئوخشاشمىغان ھالدا ئوقۇشىدىن ياكى قۇرئاننىڭ ئۆز لەفزىدىن ياكى مەنىسىدىن بىرەر نەرسىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن قورقتى. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغۇچىلار بىلەن قوشۇپ ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىدۇ، ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: «ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كەلدى، ھۇزەيفە شاملىقلار، ئىراقلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئەرمەنىستان ۋە ئەزەر بەيجان پەتھىسىدە ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئاننى ئوقۇشتا ئوخشاشمىغانلىقى ھۇزەيفەنى بىئارام قىلغان ئىدى. ھۇزەيفە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «ئى ئەمىرىل مۇئمىنىين، بۇ ئۇممەتنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىتابى توغرىسىدا يەھۇدى، ناسارالارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقىنىدەك ئىختىلاپ قىلىشىشىنىڭ ئالدىدا تېپىۋالغىن (يەنى ئۇلارنى تىزگىنلەپ ئىسلاھ قىل)». بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەزرىتى ئوسمان ھەفسەنىڭ قېشىغا «يېنىڭدىكى قۇرئاننى بىزگە ئەۋەتىپ بەرگىن، بىز ئۇنى بىر قانچە قىلىپ كۆچۈرۈۋالايلى، كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىمىز» دەپ ئادەم ئەۋەتتى. ئۇندىن كېيىن ھەزرىتى ھەفسە ھېلىقى قۇرئاننى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەۋەتىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير، سەئىد ئىبنى ئاس ۋە ئابدۇرەھمان ئىبنى ھارىس، ھاشىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ئەجمەئىينلەرنى ئۇنى كۆچۈرۈشكە بۇيرۇدى. بۇيرۇققا بىنائەن ئۇلار قۇرئاننى بىر نەچچە توپلاملارغا كۆچۈردى. ھەزرىتى ئوسمان قۇرەيشلىك ئۈچەيلەنگەن «سىلەر زەيد ئىبنى سابىت بىلەن قۇرئاننىڭ بىرەر سۆزى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، ئۇنى قۇرەيشنىڭ تىلى بويىچە يېزىپ چىقىڭلار، چۈنكى قۇرئان قۇرەيشنىڭ تىلى بويىچە چۈشكەن» دېدى (زەيد ئىبنى سابىت مەدىنىلىك بولۇپ، مەككە بىلەن مەدىنەنىڭ تىل شىۋىسىدا ئازراق پەرق بار ئوخشايدۇ). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە (يەنى قۇرەيش)لىك بولغىنى ئۈچۈن قۇرەيش تىلى ئاساس قىلىنغان. ئۇلار ئوسماننىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئاخىرى ئۇلار بىر قۇرئاننى بىر نەچچىگە

كۆچۈرۈپ بولۇۋىدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېلىقى قۇرئاننى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قايتۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار كۆچۈرۈپ چىققان قۇرئاننى ئەتراپلارغا ئەۋەتىپ بىرىپ، مۇشۇ ئەۋەتىپ بېرىلگەنلىرىدىن باشقا قۇرئان يېزىلغان تۇپلام ياكى ۋاراقلارنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى» (ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ھەدىسى تۈگىدى).

ئەمما تەكشۈرگۈچىلەر ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆچۈرۈتكۈزگەن قۇرئانىنىڭ سانى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى. نۇرغۇن تەكشۈرگۈچىلەر، ئىزدەنگۈچىلەر قوبۇل قىلغان ئەڭ كۈچلۈك پىكىر كۆچۈرۈلگەن قۇرئانىنىڭ يەتتە ئىكەنلىكىدۇر. بۇنىڭدىن بىرسى ھەزرىتى ئوسماننىڭ قېشىدا قېلىپ قالغان. باش قۇرئان دەپ ئاتالغان قۇرئان ئەنە شۇ ئىدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قالغان قۇرئانلارنى كۇفە، بەسرە، شام، يەمەن، مەككە ۋە بەھرەيىنگە تارقاتتى.

**ئىككىنچى، ئەمىلىي ئىسلامى پەتھىلەرنى داۋاملاشتۇرۇش.**

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ ئاۋالقى ئالتە يىل جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئىككى سەلەفىنىڭ (يەنى ئەبۇ بەكرى، ئۇمەرنىڭ) پەتھى دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىكى يولى بويىچە داۋام ئەتتى. دېمەك، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىسىدا تۆۋەندىكى شەھەرلەر پەتھى قىلىندى:

**1**. ئىران تەۋەلىكىدىكى تەبەرىستان شەھرى. بۇ شەھەرنى پەتھى قىلىش سەئىد ئىبنى ئاباس ۋە بىر بۆلۈك ساھابىلارنىڭ قولى بىلەن بولغان ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەسەن، ھۈسەيىن، ئىبنى ئاس، ئىبنى ئۇمەر ۋە ھۇزەيفىلەر بار ئىدى (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن).

تۈركىيا (بۇ جايدىكى تۈركىيا دېگەن سۆز ئەينى ۋاقىتتىكى ئىران ھۆكۈمىتى ئىشغالىيىتىدىكى تۈرك رايونلىرى بولۇپ، ھازىرقى تۈركىيە ئەمەس، ياكى شۇنداق بولغاندىمۇ تۈركىيەنىڭ ئاسىيا تەرىپىدىكى جاينى دېمەكچى). بۇ جاينىڭ پەتھىسى ھىجرىيە **32** ـ يىلى ئابدۇرەھمان ئىبنى رەبىئەنىڭ قولى بىلەن بولغان بولۇپ، ئۇ ئىستەخىر، خۇراسان، لىسابۇر قاتارلىقلارنى پەتھى قىلدى. بۇ جايلارنىڭ بەزىسى ھەزرىتى ئۇمەرنىڭ دەۋرىدە پەتھى قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جايدىكىلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ھەمدە

ئۆز زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنغان ئىدى. بۇ ئەھۋالدىن كېيىن ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىراقنىڭ بەسرە ۋە كۇفەدە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنى پارس (يەنى ئىران) شەھەرلىرىگە بۇيرۇدى (يەنى شۇ يەرگە ماڭدۇردى).

**2**. شام تەرەپ بولۇپ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولۇپ ئىككىنچى يىلى مۇئاۋىيە رۇم شەھەرلىرىگە يۈرۈش قىلىپ نەتىجىدە ئومۇرىيە، تورىتوس ۋە ئەنتاكىيەنى پەتھى قىلدى. ھىجرىيە **28** ـ يىلىدا مۇئاۋىيە قىبلىس قۇرۇقلۇقىنى (ئارلىنى) پەتھى قىلدى.

**3**. مىسىر ۋە شىمالىي ئافرىقا تەرىپى بولۇپ ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمرى ئىبنى ئاسنى قوشۇننى تەرابۇروس ۋە تەيىشكە يۈزلىنىشكە بۇيرۇغان. بۇ قوشۇن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ئاخىردا ھىجرىيە **27** ـ يىلىدا ئالجىرىيىگە يەتتى.

## ئۈچىنچى، دۆلەتنىڭ بەزى ئىشلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئىنتىزامچانلاشتۇرۇش.

ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مەنپەئەتلىك تەرەپلىرىنى ئىنتىزامچانلاشتۇرۇشىدا شەك يوق. لېكىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن دۆلەت تەبىئىتى تەقەززا قىلغان يېڭى تۈزۈملەرنى پەيدا قىلدى. تۆۋەندىكىلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ:

**1**. ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پاتىھلار (ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلغۇچى، تۇركلەنى ئازات قىلغۇچى كىشىلەر)نىڭ بەزىسىگە ئەمەلدارلىق خىزمەت قىلىش ئۈچۈن پارچە زېمىنلارنى تەيىنلەپ بەردى (يەنى ماۋۇ يەردىن ماۋۇ يەرگىچە سېنىڭ باشقۇرۇشۇڭ ئاستىدا دەپ كۆرسىتىپ بەردى).

**2**. ئۇ مەسجىدلەردە ئەزان ئوقۇيدىغان مۇئەززىنلەرگە ئايلىق مائاش توختىتىپ بەردى.

**3**. ئىسلام دۆلىتىدىكى كىشىلەرگە ماللىرىنىڭ زاكاتلىرىنى تاپشۇرۇشنى ئۆزلىرىگە تاپشۇردى (يەنى زاكاتنى زاكات يىغىدىغان خىزمەتچىلەر يىغماي،

خەلق ئۆزى بىرىدىغانغا بەلگىلىدى).

**4**. تىنچلىق، خاتىرجەملىك ئەسلىھەلىرىنى (يەنى سىياقچى تۈزۈملىرىنى) شەكىللەندۈرۈپ، ئۇ خىزمەتكە ساھابىلارنىڭ بىرىنى تەيىنلىدى.

**5**. مۇسۇلمانلار قىبلىس ئارىلىدا غازات قىلغان ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دېڭىز پاراخۇتىنىڭ دەسلىۋىنى ياساتتى.

ئى ئوسمان! ئى ئىككى نۇر ئىگىسى! ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن. سەن ھەقىقەتەن ئۆز ئامانىتىڭنى، ئۆز مەسئۇلىيىتىڭنى ھەقىقىي ياخشى رەۋىشتە ئورۇنلىدىڭ، دۆلەتنى ئىنتىزامچانلاشتۇردۇڭ ۋە ياخشى ئىشلىدىڭ. ساڭا قۇرئاننى كۆچۈرۈشتە ۋە ئۇنىدىن باشقا ئىشلاردا ئۇلۇغلۇق بولدى. لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ساھىبىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەندەك، ئاللاھ تائالا ئىرادە قىلغان ھېكمەتلەر جەھەتىدىن ساڭا بالايىئاپەت تېگىش بولدى. سېنىڭ ئاللاھ يولىدا شېھىت بولغىنىڭغا مۇبارەك بولسۇن! مۇسۇلمانلارنىڭ پاك قېنى بىلەن قوللىرىنى بويىمچە كۆڭلى ئارام تاپمايدىغان ئادەملەرگە شۇملۇق، تەتۈر پىشانىلىك بولسۇن. شۈبھىسىزكى، يۇقىرىقىلار ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىدا قويغان قانۇنىدۇر. سەن ئاللاھنىڭ قانۇنىدا ئۆزگىرىش تاپالمايسەن. ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن.

# تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھۇ (ئاللاھ بۇ كىشىنىڭ جامالىنى ئۇلۇغ قىلسۇن)

بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئەلى بولۇپ ئەبۇ تالىبنىڭ ئوغلى، ئەبۇ تالىبنىڭ ئىسمى ئابدۇمانافدۇر، ئابدۇماناف ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلى، ئابدۇلمۇتەللىب ھاشىمنىڭ ئوغلى، ھاشىم ئابدۇمانافنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئەلى قۇرەيشكە مەنسۇپ ھاشىمىيلاردىن ئىدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى فاتىمە بولۇپ ئەسەدنىڭ قىزى، ئەسەد ھاشىمنىڭ ئوغلى، ھاشىم ئابدۇمانافنىڭ ئوغلىدۇر. ھەزرىتى ئەلىنىڭ كۇنيىتى ئەبۇلھەسەن ئىدى ۋە ئۇنى ئەبۇ سىبتەي (ئىككى بالىنىڭ دادىسى) دەپ لەقەم قىلىناتتى (سىبتەيدىن ھەسەن، ھۈسەيننى دېمەكچى). بۇ كىشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ تۇراب (تۇپىنىڭ دادىسى) دەپ ئاتىغان ئىدى.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى فاتىمەنىڭ قېشىغا كىردى، ئۇندىن كېيىن چىقىپ مەسچىتتە يېنى ياتتى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىمەگە «تاغاڭنىڭ ئوغلى قېنى؟ (يەنى ئەلىنى دېمەكچى)» دېدى. فاتىمە «مەسجىدتە» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە چىقىپ ئۇنىڭ رىداسىنىڭ ئۇچىسىدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۇچىسىنىڭ توپىغا مىلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭ ئۇچىسىدىن توپىنى ئېرتقىلى تۇردى، ئۇندىن كېيىن «قوپۇپ ئولتۇرغىن ئى ئەبۇ تۇراب» دېدى».

## ھەزرىتى ئەلىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىچىكلەر ئىچىدىن بىرىنچى قېتىم مۇسۇلمان بولغان كىشىدۇر. ئىبنى ھىشام بۇ كىشىنى ئەرلەردىن دەسلەپ مۇسۇلمان بولغان كىشى دەپ سانايدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز كىپىللىكىگە ئالغان. ئۇنىڭ تەربىيىسىنى (يەنى بېقىشنى) تاغىسىنى تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدىن ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىتىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئۈستىگە ئالغان جەھەتتىن، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانات ئاستىدا، تەربىيىسى ئاستىدا ياشايتتى. ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئەبۇ تالىبنىڭ يەنە بىر بالىسىغا كىپىللىك قىلغان ئىدى (بېقىپ بىرىش ئۈچۈن). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنغاندا ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇچىقىدا داۋاملىق تۇرىۋاتاتتى (يەنى ئائىلىسىدە تۇرىۋاتاتتى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىۋىدى، ئۇ دەرھال ئىمان ئېيتقان ۋە پەيغەمبىرىمنى، ئىسلامنى تەستىق قىلغان ئىدى. شۇ چاغدا ئەلىنىڭ يېشى 10 ياشتا ئىدى، بەزىلەر 9 ياشتا ئىدى دەيدۇ.

## ھەزرىتى ئەلىنىڭ سۈپەتلىرى

### 1. تەن قۇرۇلۇش سۈپەتلىرى

ئىبنى مەسئۇد سەئىد رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ، بۇ كىشى مۇنداق دېدى: «ھەزرىتى ئەلى ئوتتۇرا بوي، ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىلىقى كەڭ، ساقىلى ئۇزۇن كىشى ئىدى، ئۇنىڭغا قارىساڭ بۇغداي ئۆڭلۈك ئادەم ئىكەن دەپ قالىسەن، ئۇنىڭغا يېقىنراق كېلىپ قارىغىنىڭدا ئۇ بۇغداي ئۆڭلۈككە مايىلراق ئادەم ئىكەن دەپ قالىسەن».

سەئىددىن باشقىسى ئۇنى سۇپەتلەش بارىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كىشىنىڭ بىلىكىنىڭ بىلىق گۆشى چوڭ ئىدى. مىڭىسى تۇكسىز ئىدى، ساقىلى كەڭ ھەم ئاق بولۇپ ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىلىقىنى توشقۇزۇپ تۇراتتى».

## 2. ئەخلاقى سۈپەتلىرى

مۇشۇ توغرىدا سۆزلەيدىغان سۆزىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى، زىرارىس سىدائىننىڭ ئەلىنى مۇئاۋىيەگە سۈپەتلەپ بەرگەن سۆزىدۇر. شۇ ۋاقىتتا ئەلى شېھىت بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، مۇئاۋىيە سىدائىغا «ماڭا ئەلىنى سۈپەتلەپ بەرگىن» دېۋىدى، سىدائى «ئى ئەمىرىل مۇئمىنىين، مېنى ئەپۇ قىلغىن، يەنى مەندىن بۇ توغرىدا گەپ سورىما» (چۈنكى راستىنى راست دېسە، مۇئاۋىيىنىڭ ئاچچىقى كېلەرمىكىن دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك) دېگەندە، مۇئاۋىيە «چوقۇم سۈپەتلەپ بېرىسەن» دېدى. ئاندىن كېيىن سىدائى مۇنداق دېدى: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەلى يىراقنى كۆرەرلىك، قۇۋۋىتى قاتتىق، ئايرىم ـ ئايرىم، ئۇقۇشلۇق سۆزلەيدىغان، ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان، ئەتراپىدىن ئىلىم تەپچىلەپ تېپىدىغان، ئەتراپىدىن ھېكمەت سۆزلەپ تۇرىدىغان، دۇنيادىن ۋە ئۇنىڭ زىننەتلىرىدىن قاچىدىغان ۋە كېچىدە ۋە كېچىنىڭ خالىيلىقىدا ئاللاھقا مۇناجات قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ھەمدە باشقىلاردىن ئىبرەت ئېلىشى كۆپ، چوڭقۇر ئويلايدىغان، ئالقىنىنى ئۆرۈپ چۆرۈيدىغان (يەنى ھەر ئىشنىڭ ئىجابىي، سەلبىي تەرىپىنى تەئۋىل قىلىدىغان)، ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرىدىغان كىشى ئىدى. بۇ كىشى قىسقا كىيىمنى، يېرىك، قاتتىق تائامنى ياخشى كۆرەر ئىدى. ئۇ بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ئاددى بىر ئادەمگە ئوخشاش ئىدىكى، ھەر قاچان ئۇنىڭ قېشىغا كەلسەك ئۆزىگە يېقىن قىلار ئىدى. ھەر قاچان ئۇنىڭدىن سوئال سورىساق بىزگە جاۋاب بېرەتتى. قانداق ۋاقىتتا بىرەر خەۋەر تەلەپ قىلساق، بىزگە خەۋەر بېرەتتى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنىڭغا شۇنچە يېقىن، ئۇ بىزگە شۇنچە يېقىن تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ ئۇنىڭغا

سۆزلىيەلمىگىلى تاس قالاتتۇق. ئەگەر ئۇ تەبەسسۇم قىلسا، ئۇ تەبەسسۇم تىزىلغان مەرۋايىتتىن چىقاتتى. دىندارلارنى ئۇلۇغلايتتى. مىسكىنلەرگە يېقىنلىق قىلاتتى. كۆچتۈگگۈرلەر ئۆزىنىڭ باتىل، ناھەق ئىشىدا ئۇنىڭدىن ياخشىلىق تەمە قىلالمايتتى. ئاجىز ـ بىچارىلەر ئۇنىڭ ئادالىتىدىن ھەر قانداق ئىشتا نائۇمىد بولمايتتى. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئەلۋەتتە مەن ئۇ كىشىنى ھايات مەيدانلىرىنىڭ بەزىسىدە كېچە پەردىسى يېپىلغان، يۇلتۇزلار ئولتۇرغان، يەنى كېچە تەگدىن ئاشقان ۋاقىتلاردا ئىبادەت قىلىدىغان جايىغا كىرىپ، ساقىلىنى تۇتامىلىغان ھالدا يىلان چاققان ئادەم تولغانغاندەك تولغىنىپ، دەرتكە مۇپتىلا بولغان ئادەم يىغلىغاندەك يىغلاپ مۇنداق دېگىنىنى كۆردۈم: «ئى دۇنيا مېنى ئالدىمىغىن، مېنىڭ قېشىمغا كىلىپ بولدۇڭمۇ؟ مېنىڭ يېنىمغا يېقىنلاشتىڭمۇ؟ يىراق كەت، نېرى كەت، ھەقىقەتەن مەن سېنى ئۈچ تالاق قىلدىم، ئەمدى ئۇنىڭغا ھەرگىز قايتمايمەن. دېمەك، ئى دۇنيا، سېنىڭ ئۆمرۈڭ قىسقا، سېنىڭ ھەمراھلىقىڭ ناچار، سەلىپىڭ ئاز، ئاھ، ئاھ ئۇزۇقنىڭ ئازلىقى، سەپەرنىڭ يىراقلىقى، يولنىڭ يالغۇزلىقىدىن ھەسرەت»».

ھەزرىتى ئەلىنىڭ يۇقىرى سۆپىتىنى ئاڭلىغان مۇئاۋىيە يىغلاپ كېتىپ مۇنداق دېدى: «ئى ئەبۇل ھەسەن (يەنى ھەزرىتى ئەلىنى دېمەكچى ـ ت) ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن». ئۇ سىدائىغا مۇنداق دېدى: «توغرا، ھەزرىتى ئەلى خۇددى سەن دېگەندەك ئىدى. ئى سىدائى، سېنىڭ ھەزرىتى ئەلىنىڭ ۋاپاتىغا ئىچ پۇشۇقۇڭ قانداق بولدى؟»، سىدائى جاۋاب بېرىپ دېدىكى: «مېنىڭ ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بولغان ئىچ پۇشۇقۇم، دەردىم خۇددى ئۆز قۇچىقىدىكى يالغۇز بىر بالىسىنىڭ بوغۇزلانغانلىقىغا ئىچ پۇشۇپ كۆز يېشى توختىماي، دەردى بېسىقماي تۇرىۋاتقان بىر ئانىنىڭ ئىچ پۇشۇقىغا، دەرت ـ ھەسرىتىگە ئوخشايدۇ».

# ھەزرىتى ئەلىنىڭ پەزىلىتى

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى بەك كۆپتۇر. ھەزرىتى ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نەسەپتە، قەلبىدە پۈتۈنلەي ھەممە نەرسىدە يېقىن ئىدى. بىز سىزگە ھەزرىتى ئەلىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ئىمام بۇخارى سەھىھ كىتابىدا سۆزلىگەن سۆزلىرىنىڭ بەزىسىنى سۇنىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «سەن مەندىن، مەن سەندىن» دېگەن ئىدى. ھەزرىتى ئۇمەر «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلىدىن رازى بولغان ھالدا ۋاپات بولدى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىغا چىقىدىغان چاغدا ئۆز ئورنىدا ئەلىنى مەدىنىگە ئەمىر قىلىپ قويغان ۋاقتىدا، ئەلى باشقا ساھابىلاردىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا بىر ئاز تەسىرگە ئۇچرىدى (يەنى ئىچى پۇشتى). بۇنى كۆرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن مەندىن مۇسادىن ھارۇننىڭ تۇتقان ئورنىدەك بولۇشقا رازى بولمامسەن؟» دېگەن ئىدى. خەيبەر غازىتىدا ئىككى سېپىل مۇسۇلمانلارغا باش ئەگمىگەن ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەتە مەن بايراقنى بىر ئادەمگە بېرىمەن، ئاللاھ ئۇ كىشىگە پەتھى قىلىپ بېرىدۇ» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ كىشىلەر بايراقنى كىمگە بېرەركىن دەپ كېچىنى بىئاراملىقتا ئۆتكۈزدى. تاڭ ئاتقاندا كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كىلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بايراقنىڭ ئۆزىگە بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب قېنى؟» دېۋىدى، كىشىلەر «ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىپ قاپتۇ» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىڭلار، ئۇنى چاقىرىپ كەلسۇن» دېدى، شۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى ئەلى كىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كۆزىگە تۈكۈرۈپ دۇئا قىلدى، نەتىجىدە ئەلى ھېچقانداق ئاغرىقى يوقتەك ساقىيىپ كەتتى. ئۇندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايراقنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى. ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بىلەن ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق

www.uyghurkitap.com

ئورناتقان ئىدى.

## ھەزرىتى ئەلىنىڭ دىن ئۈچۈن كۆرسەتكەن پىداكارلىقلىرى

ئەلــى رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ئۇلــۇغ ساھابىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئوخـشاش ئىـسلامنى دەۋەت قىلىـش يولـدا ھەر قانداق نەرسـىنى تەقـدىم قىلىـدىغان ۋاقىتتـا پەرۋا قىلمـاي قالمايـدىغان زات ئىـدى. دېـمەك، ھەزرىتـى ئەلـى ئـۆز نەپـسى ۋە مېلـى بىـلەن پىـداكارلىق كۆرسىتەتتى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىـسلامدىكى بىرىنچـى پىـدائى بولغانلىقىغـا ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجـرەت قىلغـان ۋاقىتـدا ئـۆزىنى ئۆلـۈمگە تۇتۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ ياتىـدىغان كۆرپىـسىدە ئۇخلىغـانلىقى كۇپـايە قىلىـدۇ. مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسـسالامنى مەخپىـي ئۆلتۈرۈشـنى ئەمەلگە بولۇشقاندا رەسۇلۇللاھنىڭ ئورنىدا ھەزرىتى ئەلى ياتقان ئىدى. لېكىن ئۇنىـڭ بـۇ ئىـشى ئـۆز قارىـشىدا ئەگەر مۇشـۇ ئىـش ئـارقىلىق ئىـسلام دەۋىتىنـى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆز رەھبىـرى مـۇھەممەد ئەلەيھىسـسالام تەيىـنلىگەن ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشقا ياردەمدە بولالىسا، قىممەتلىك، پەخىرلەنگۈدەك ئىـش ھېسابلانمايتتى، شۇڭىدا ھەرگىز پەخىرلەنمەيتتى. ئەلـى رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ئۇھـۇد، بەدرى قاتـارلىق نۇرغـۇن ئـۇرۇش مەيدانلىرىـدا دەسـلەپ مەيـدانغا چىققۇچى ئاگىلىق مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسـسالام مەدىـنىگە ئەمىر قىلىپ قويغان جەھەتتىن تەبۇك غازىتىغىلا چىقالمـاي مۇسـۇلمانلاردىن ئايرىلىپ قالغـان، ئۇنـدىن باشـقا مەيـدانلاردا مۇسـۇلمانلاردىن ئايرىلمىغـان ئىدى. ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتناشقان غازاتلارنىـڭ كۆپىنچىـسىدە بايراق كۆتۈرگۈچى ئىـدى ۋە پەيغەمـبەر ئەلەيھىسـسالامنى مـۇداپىئە قىلىـش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا باشقا كىشىلەردىن ئەڭ يېقىن تۇرىـدىغىنى ئىدى.

# خەلىپىلىك ھەزرىتى ئەلىگە قانداق كېلىپ قالدى؟

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن مەدىنىگە قوزغىلاڭچىلار ئىچىدىن چىققان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاتىلى غافىق ئىبنى ھەرب دېگەن بەدبەخ ئەمىر بولۇپ بەش كۈن شۇ ھالەتتە ئۆتتى. مەدىنىلىكلەرگە بىر خەلىپە تىكلەش بەكمۇ زۆرۈر ئىدى، لېكىن پىتنە بەكمۇ قاتتىق بولۇپ كەتكەن ئىدى. قوزغىلاڭچىلار ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرۈشتە بىردەك قارارغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كىمنىڭ خەلىپە بولۇشى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. مانا بۇ ئەھۋال يۇقىرىدا سۆزلەنگەندەك ئىبنى ساباھنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپ داۋاملىشىپ تۇرسۇن دەپ قىلغان تەدبىرىدىن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن مىسىرلىقلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كىلىۋىدى، ھەزرىتى ئەلى ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئۇلار بۇ ھەقتە بەس ـ مۇنازىرە قىلىشتى (يەنى ئەلىنىڭ خەلىپە بولۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلىشتى). نەتىجىدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىگە جاۋاب بەرمەي ئۆزىنى ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ قېلىقىدىن ئېلىپ قاچتى. كۇفەلىكلەر زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىزدەپ ئۇنىڭدىن خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى، ئەمما زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاردىن ئۆزىنى تارتتى ھەمدە بۇ ئىشنى تاشلىدى. بەسرەلىكلەر تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كەلدى، تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئىككى ھەمراھىغا ئوخشاش ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىشىدىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئاخىرى خەلىپىلىكنى بۇ ئۈچەيلەندىن ھېچ قايسىسى قوبۇل قىلمىغاندا ئۇلار سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن سەن كېڭەش ئەھلىدىن، شۇڭا ئالدىغا چىق، بىز ساڭا بەيئەت بېرىمىز. بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا «مەن ۋە ئىبنى ئۇمەر بۇ ئىشتىن چىقىپ كەتكەن، شۇ سەۋەبتىن بۇ ئىشتا ھەر قانداق ھالەتتە ماڭا ھاجەت يوق» دېدى. ئۇندىن

كېيىن ئۆلار ئابدۇللا ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «سەن ئەمىرىل مۇئمىنىين ئۇمەرنىڭ ئوغلى، شۇڭا سەن بۇ ئىشنى ئۈستۈڭگە ئالغىن». ئابدۇللا ئىبنى ئۇمەر جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئەلۋەتتە بۇ ئىشنىڭ ئىنتىقامى بار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ ئىشقا ھەرگىز توغرا بولمايمەن. مەندىن باشقىلارغا ئىلتىماس قىلىڭلار». شۇنداق قىلىپ قوزغىلاڭچىلار نېمە ئىش قىلىشنى بىلەلمەي ھەيرانلىقتا قېپقالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن ساھابىلار ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇلارغا يېقىندىنمۇ، يىراقتىنمۇ ياردەم بېرىشنى خالىمىدى. ئەنە شۇنداق بىر چاغدا قوزغىلاڭچىلار مەدىنىلىكلەرگە مۇنداق دەپ تەھدىت سالدى: «ئى مەدىنە ئەھلى، ئاگاھ بولۇڭلاركى بىز سىلەرگە چوقۇم ئىككى كۈنلۈك مۆھلەت بېرىمىز، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، خەلىپە تاللاش ئىشىدىن تېزدىن بىكار بولمىساڭلار (يەنى خەلىپە سايلىمىساڭلار) بىز ئەتىگەندە چوقۇمكى ئەلىنى، تەلھەنى، زۇبەيرنى ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆلتۈرىمىز». مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا مۇسۇلمانلار ھەزرىتى ئەلىنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: «بىز ساڭا بەيئەت بېرىمىز، چۈنكى سەن ئىسلامغا چۈشكەن ۋە بىز مۇپتىلا بولغان ئەھۋالنى راستىنلا كۆرۈۋاتىسەن». بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەزرىتى ئەلى مۇنداق دېدى: «مېنى ئۆز ھالىمدا قالدۇرۇپ قويۇڭلار، مەندىن باشقىلارغا ئىلتىماس قىلىڭلار، چۈنكى بىز يۈرەكلەر ۋە ئەقىللەر مۇستەھكەم تۇرالمايدىغان نەچچە خىل رەڭگە ئىگە بىر ئىشقا ئالدىمىزنى قىلىۋاتىمىز ». چۈنكى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قان قىساسىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئىجرا قىلىشى لازىم بولغان بۇ ئىشنىڭ دەسلەپكى ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى ۋە قوزغىلاڭچىلارنى جازالاش ۋەزىپىسىنى بىلەتتى. لېكىن قانداقمۇ جازالىيالىسۇن؟! ھالبۇكى ئۇلارنىڭ قولىدا كۈچ ـ قۇۋۋەت تۇرسا؟! شۇ جەھەتتىن بۇ ۋەزىپە بەكمۇ مۇشكۈل قىيىن ئىدى. لېكىن مۇسۇلمانلار ھەزرىتى ئەلىگە: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ ساڭا تەلەپ قويىمىزكى، سەن بىز كۆرۈۋاتقان ئەھۋالنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئىسلامغا قاراپ باقمامسەن؟ بولۇۋاتقان پىتنىگە قارىمامسەن؟ ئاللاھدىن قورقمامسەن؟» دېيىشتى. ھەزرىتى ئەلىگە مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار كەسكىن تاقارىشىپ

تۇرىۋالدى. ھەزرىتى ئەلى بۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە قىلمىسا بولمايدىغان پەرز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ شۇ ئىشقا باش ئەگدى (يەنى خەلىپە بولۇشقا ماقۇل كەلدى). بۇ ئەھۋال پەيشەنبە كەچتىكى ئىش ئىدى. جۈمە كۈنى ئەتىگەندە كىشىلەر مەسجىدكە ھازىر بولدى. ھەزرىتى ئەلى مۇنبەرگە چىقىپ مۇنداق دېدى: «ئى خالايىق، سىلەرنىڭ مۇشۇ خەلىپىلىك ئىشلىرىدا پەقەت سىلەر بۇيرىغان ئادەمنىڭ ھەققى بار. بىز تۈنۈگۈن بىر ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشكەن ئىدۇق، ئەگەر سىلەر خالىساڭلار خەلىپە بولۇپ قالىمەن، ئەگەر خالىمىساڭلار ھېچ كىمگە كاھىشلىق قىلمايمەن». بۇنى ئاڭلاپ مۇسۇلمانلار: «بىز تۈنۈگۈن قىلىشقان مەسلىھەتتىن ئۆزگەرگىنىمىز يوق، شۇ مەسلىھەت بويىچە» دېيىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئىمام ئەلىگە بەيئەت قىلدى. بەيئەت قىلغانلار ئىچىدە تەلھە ۋە زۇبەيرلەرمۇ بار ئىدى. بەزىلەر «تەلھە بىلەن زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەجبۇرلۇق ئاستىدا بەيئەت قىلغان» دەيدۇ. لېكىن ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەرەبى مەجبۇرى بەيئەت قىلغان دېگەن سۆزنى رەت قىلىپ ئۇنى بىر نەچچە تەرەپلەردىن تەنقىد قىلىدۇ، ھەمدە ئۇ كىشىلەرنىڭ بەيئىتىنىڭ مەجبۇرسىز ھالدا توغرا بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

شۇنداق قىلىپ ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆتىنچى خەلىپە بولۇپ قالدى. ھالبۇكى پىتنە (يەنى ئىچكى قالايمىقانچىلىق) مەۋج ئۇرۇپ تۇرىۋاتقان دېڭىزغا ئوخشاش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلىپىنىڭ ۋەزىيىسى قىيىن بولۇپ، بۇ ۋەزىپىنى ئۇرۇنلاش غايەت خەتەر ئىچىدە ئىدى. ئۇستاز سەئىد ئافغانىنىڭ ئاشۇ قاراڭغۇ ھاۋا بوشلۇقىنى سۈپەتلەپ دېگەن مۇنۇ سۆزى نېمە دېگەن ياخشى ئېيتىلغان ــ ھە! «ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىككە سايلىنىپ بەيئەت بېرىلىدۇ، ھالبۇكى شۇ چاغدىكى ئىشلار ھەققەتەن چىگىش، مۇرەككەپلىشىپ كىشىلەرنىڭ سۆزلىرى چېچىلىپ كەتكەن، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرى نەچچە خىل بولۇپ كەتكەن ئىدى. شۈبھىسىزكى، ھەزرىتى ئەلى خەلىپە بولغان دەۋر قاپقارا كۈنلەرگە ۋە زۇلمەتلىك كېچە پارچىسىغا ئوخشاش پىتنىلەرگە ئالدىنى قىلىپ كەلگەن ئىدى».

دېمەك، ھەزرىتى ئەلى پىتنە ــ پاسات ھاڭلىرىغا بۆسۈپ كىرىپ شۇ

www.uyghurkitap.com

ھاڭلارنى بىر ـ بىرىدىن روشەنلەشتۈرۈشكە كەسكىن ئىرادە باغلىدى. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىشتا ئىلگىرى پۈتتۈەتكەن ھۆكمى بار ئىكەن. ھەزرىتى ئەلى خەلىپىلىككە بەيئەت قىلىنغان كۈندىن تارتىپ ۋاپات بولغانغا قەدەر بىرەر سائەتمۇ قوزغىلىپ چىققان پىتنىدىن، قارشىلىشىۋاتقان خاۋارىجلاردىن، توغۇلۇۋاتقان مۇشكۇللۇكلەردىن ۋە كۆپىيىۋاتقان دۈشمەنلەردىن خالىي بولالمىدى. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرى، جاپا ـ مۇشەققەتلىرى ۋە ئۆز نەپسىگە يۈكلىنىپ قالغان مۇشكۇللىرى ئۇنىڭ نەپسىدىن ئىككى تەرىپىدىن قاپلاپ ئالغان ئىدى.

## ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاتىللىرىغا تۇتقان مەيدانى

شەكسىزكى، ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاشۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ دىنىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلاردىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىنىنى تەلەپ قىلىش لازىملىقىنى ئېتىقاد قىلىسىمۇ، لېكىن قانداقمۇ ئۇلارنى جازالىيالايدۇ؟! ھالبۇكى ئۇلار مەدىنىدە كۈچلۈك ۋە نازارەت ھالىتىدە داۋاملىق تۇرىۋاتسا؟! دېمەك، جازالىغۇچىنىڭ كۆچلۈك ھالدا بولۇشى لازىم ـ دە. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى ئەلىدىن بەزى ساھابىلار ئۇلارنى جازالاشنى تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ پىكىرنى توغرا تاپقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشنى دەرھال ئىجرا قىلىشتىن ئۇلارنى جازالاشقا قادىر بولالمىغانلىقى ئۈچۈن ئاجىز كەلدى. ئۇلارنى جازالاشتىن ئىبارەت بۇ ئىش ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بەزى ساھابىلار ئوتتۇرىسىدا مەخپىي تۇتۇلدى. بۇنداق قىلىش بۇ ئىشنىڭ سىرتقا تاراپ كېتىپ، بۇنى قوزغىلاڭچىلار بىلىپ قېلىپ، نەتىجىدە ئۇلار ئۆز قوزغىلىڭىنى يېڭىلاپ ئەلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى ھەمدە ئىچ پۇشۇقلۇق تەكرارلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىدى. ئەينى چاغدىكى

شارائىت ھەزرىتى ئەلىدىن ئەنە شۇنداق سىياسىي مەيدان تەلەپ قىلاتتى.
مۇشۇنداق قىلىشتا ئەنە شۇ چاغدىكى مەدىنىدە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلار تارتىۋاتقان ئىچ پۇشۇقلۇقتا خاتىمە بېرىشكە قادىر بولۇشنىڭ ئېھتىمالى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنە شۇنداق شارائىتتا ماس ھالدا ئومۇمى مەنپەئەت تەقەززاسىغا مۇۋاپىق مۇئامىلە ۋە ھەرىكەتكە مۇۋاپىق يول بىلەن ئاشۇ ئىشلارنى تەرتىپلەشتۈرۈش شارائىتىغا ئىگە بولاتتى. لېكىن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى شۇنداق ئىكەن، مۇسۇلمانلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر ھەزرىتى ئەلىنىڭ مەيدانىنى چۈشىنىشكە ۋە ئۇنى مۆلچەرلەپ بېقىشقا قادىر بولالمىدى، ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇشۇ چۈشەنچىسىگە ئىبنى ساباھ پەيدا قىلغان تەتۈر تەشۋىقاتلار ياردەمدە بولدى. مەسىلەن: شۇ تەشۋىقاتلار قاتارىدا شۈبھىسىزكى، ئەلى ئوسماننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ ئالدىدا قاتىللار بىلەن بىرگە ئىكەن دېگەندەك گەپلەر بار ئىدى. ئاللاھ بۇلارنىڭ دېگىنىدىن پاناھ بەرسۇن. ئەلى ئۇلار دېگەن سۆزدىن پاكتۇر. مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەت رەھبەر بولغان ئادەملەر بىلەن كۆپ تەكرارلانسا كېرەك. كۆپىنچە ۋاقىتتا رەھبەر بولغانلاردىن ئۇلار بىرەر ئىشنى ئېلان قىلىپ قويۇپ ياكى ئۇنى مەيدانغا چىقىرىپ ئىجرا قىلىپ قويغاندەك قىلىپ ئەمىلىيەتتە ئۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇشنى سىياسىي مەيدان تەلەپ قىلىدۇ. مانا بۇنداق قىلىش دۈشمەنگە قارشى مەخپىي يول تۇتۇشنى نىشان قىلىشتىن باشقا ئىش ئەمەس. ھەمدە بۇ جامائەت ئەزالىرىغا قارشى ياكى خەلققە قارشى بىر ئىش ئەمەس، بۇنداق ئىش «ئۇرۇش ھىيلە ـ مىكىر بىلەندۇر» دېگەن گەپنىڭ مەفھۇمغا (يەنى چۈشەنچىگە) كىرىدۇ. لېكىن مۇشۇنداق بولغان سىياسىي مەيدانلارنىڭ ئوخشىشى بەزى ۋاقىتلاردا خەلق تۆۋەندىكى ئىككى خىل ھالەتنىڭ بىرىدە ياشىغان بولسا كۆپىنچە ۋاقىتتا سەلبى بولۇپ قالىدۇ.

بىرىنچى، رەھبەر بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچ بولمىسا ياكى قانۇن بىلەن رەھبەرلىك ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچ بولمىسا.

ئىككىنچى، دۈشمەنلەرنىڭ، دۈشمەنلىك مەقسەت قىلغانلارنىڭ پىتنە ـ ئىغۋالىرى خەلقنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئورۇنلىشىپ قالغان. بۇنداق ئىغۋالار خەۋەر يەتكۈزۈشتە ئاساس بولۇپ قالغان ۋە مەيدان بەلگىلەشتە ئاساس بولۇپ قالغان

ۋاقىتتا بولىدۇ. مانا مۇشۇ ئىككىنچى ھالەت مەدىنە ھاۋاسىغا خوجايىنلىق قىلغان نەرسە شۇ بولسا كېرەك. يېقىندا بىز ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوزغىلاڭچىلارنى جازالاشنىڭ ۋاجىبلىقىنى توغرا دەپ قارىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان سۆزلەرنى سۆزلەيمىز.

## ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىسىدىكى

## زەنجىرسىمان پىتنىنىڭ داۋاملىشىشى

ئىبنى ساباھ ۋە ئۇنىڭ گۇرۇھلىرىنىڭ نىشانى ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يوق قىلىشلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ نىشانى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئاخىرى يوق پىتنە ۋە بىرلىشەلمەسلىك ھادىسىسىنى پەيدا قىلىش ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىرىنچى باسقۇچتىكى ھەزرىتى ئوسماننى ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت نىشانىدا غەلىبە قىلغانلىقى سەۋەبتىن ئومۇمى پىتنە ئوتىنى يېقىش نىشانى داۋاملىشىشى تەبىئىيدۇر. شۇ ئىشلاردىن بىرى ـ ئۇلار ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئۆلتۈرۈلۈش خەۋىرىنى شامدىكى مۇئاۋىيەگە ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزلىرى يەتكۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولۇشتى. شۇنىڭ بىرگە ھەزرىتى ئەلىنىڭ مۇشۇ قاتىللىق ئىشىغا شېرىكلەشكەنلىكى، قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئىتتىپاقلاشقانلىقى (ئۆزلىرىنىڭ تۆھمەتى بويىچە دېگەن سۆز) قاتارلىق خەۋەرلەرنىمۇ يەتكۈزۈشتى. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىنىڭ راستلىقىغا ئۆز نەزەرلىرىدە ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھەزرىتى ئوسماندىن كېيىن خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقى دەلىل بولىدى. شۇنداق بولغىنى جەھەتتىن نەتىجىدە ھەقىقەتەن ئەلى خەلىپىلىكنى تاما قىلىپ ئوسمانغا قارشى مەسلىھەت قىلدى ـ دە ئۆزى ئىرادە قىلغان ئىشى مەۋجۇت بولىدى دېگەنلەر تەسەۋۋۇر قىلىندى.

مۇئاۋىيە ئۇمەييە قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئۇ ھەزرىتى ئوسماننىڭ قان

قىساسىنى ئېلىشنى ياخشى كۆرۈدىغانلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەلىگە قارشى چىقتى ھەمدە ئۇنىڭ ئىتائەتتىن باش تارتىدىغانلىقىنى ۋە بەيئەت قىلمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەككىگە ئۇندىن كېيىن بەسرەگە قوزغىلاڭچىلارنىڭ مەدىنىگە خۇجايىنلىق قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن خەلىپىنىڭ ئۇلارنى جازالاشقا قادىر بولالمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوسماننى ئۆلتۈرگەنلىكىگە قارىتا ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى توپلاشقا چىقتى. يۇقىرى مەقسەتتىكىدەك تەلھە ۋە زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ چىققان ئىدى. شۇ چاغدا ھەزرىتى ئەلىگە «ئۇلار ساڭا قارشى كۈچ توپلاش ئۈچۈن چىقتى» دېگەن خەۋەر كەلدى، ھالبۇكى بۇ خەۋەر پىتنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. لېكىن ھەزرىتى ئەلى تەبەرى رىۋايەت قىلغاندەك بەسرەگە چىقتى، شۇ چاغدا ھەزرىتى ئەلىدىن ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى مۇنداق دەپ سوئال سورىغان: «ئى ئەمىرىل مۇئمىنىين، نېمىنى ئويلاۋاتىسەن؟ بىزنى قەيەرگە ئېلىپ بارىسەن؟». ھەزرىتى ئەلى مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «بىز ئىرادە قىلغان، نىيەت قىلغان نەرسە پەقەت ئىسلاھ، ئەگەر بىزنىڭ مۇشۇ ئىسلاھ تۇغۇنىمىزنى ئائىشەنىڭ ئادەملىرى قوبۇل قىلسىلا ۋە ئۇنىڭغا قارىتا بىزگە جاۋاب بەرسىلا شۇنداق ئىسلاھ بولىدۇ». ھېلىقى سوئال سورىغۇچى ئېيتتى: «ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ پىكرىمىزگە جاۋاب بەرمىسچۇ؟». ھەزرىتى ئەلى: «بىز ئۇلارغا ئۆزرىسى بويىچە چېقىلمايمىز ۋە ئۇلارغا ئۇلارنىڭ لايىق ھەققىنى بېرىمىز ۋە ئۆز يولىمىزغا كېتىۋېرىمىز» دېدى. ھېلىقى ئادەم «ئەگەر ئۇلار رازى بولمىسچۇ؟» دېدى. ھەزرىتى ئەلى: «ئۇلار بىزگە چېقىلمىسىلا، بىز ئۇلارغا ھەرگىز چېقىلمايمىز» دېدى. ھېلىقى ئادەم: «ئەگەر ئۇلار بىزنى ئۆز يولىمىزدا قويمىسچۇ؟»، ھەزرىتى ئەلى: «ئۇلار چېقىلسا بىز ئۇلاردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرىمىز» دېۋىدى، ھېلىقى ئادەم «ئۇنداق بولسا بەك ياخشى» دېگەن ئىدى. مانا مۇشۇنىڭدىن ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئۇرۇشۇش نىيىتىنىڭ ھەرگىز يوق ئىكەنلىكى، يەنە بىر تەرەپ (ئائىشە تەرەپ)نىڭمۇ شۇنىڭدەك ئۇرۇشۇش نىيىتى يوقلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئىمام بۇخارى ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيردىن رىۋايەتچىلەرنىڭ ئىسمى

www.uyghurkitap.com

بىلەن رىۋايەت قىلىدۇ، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير مۇنداق دېدى: «زۇبەير جەمەل كۈنىسى توختىغان ۋاقىتتا مېنى چاقىرتتى، مەن ئۇنىڭ قېشىغا باردىم، ئۇ مۇنداق دېدى: «ئى ئوغلۇم، بۈگۈن پەقەت زالىم ياكى مەزلۇملا ئۆلىدۇ، شۈبھىسىزكى، مەن بۈگۈن زۇلۇم قىلىنغان ھالەتتە ئۆلۈشۈمنى كۆرىۋاتىمەن»». ئىبنى بەتتال مۇنداق دەيدۇ: يۇقىرىقى سۆزنىڭ مەنىسى ـ زالىم دېگەن قارشى تەرەپنىڭ كۆز قارىشىدا زالىم دەپ ھېسابلىنىدۇ، مەزلۇم بولۇشى ـ ئۆز نەپسى ئالدىدا زۇلۇم قىلىنغان بولىدۇ.

چۈنكى ھەر بىر گۇرۇھ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنى توغرا دەپ قارايتتى (يەنى قارشى رەپ يەنە بىر تەرەپنى زالىم دەپ قارايتتى، ئۆزىنى ناھەق زۇلۇمغا ئۇچرىدىم دەپ قارايتتى). نۇرغۇن رىۋايەتلەردە زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇرۇشتا شېرىكچىلىكى يوق بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇرۇش مەيدانىنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئەمر ئىبنى جورموس ئىسىملىك تەمىم قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنىڭ ئەگىشىپ مېڭىپ، ئۇنى ۋادى سابا دېگەن جايدا ئۆلتۈرەتكەنلىكىنى تەكتلەيدۇ. دېمەك، زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلۈمى ناھەق بولغان ئىدى. مۇشۇ ئەھۋال ھەقىقەتەن زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇرۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى، لېكىن پىتنە ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ شۇ پىتنىنىڭ باشباشتاقلىقىنى توسۇشقا قادىر بولۇشتىن كۈچلۈك كىلىپ قالغانلىقىنى تەكتلەيدۇ.

بۇ ئەھۋالنىڭ سۈرىتى تارىخ كىتابلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سۆزلىگەندەك مۇنداق بولغان: ھەزرىتى ئەلى قەفا دېگەن جايغا يەتكەن ۋاقىتتا ئىبنى ئۇمەرنى ۋاستە قىلىپ ئائىشە تەرەپكە ئەۋەتتى، نەتىجىدە ئىككى تەرەپ سۈلھىگە كىلىشتى. ئىمام ئەلى خالايىققا سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «ئى خالايىق ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئەلۋەتتە مەن ئەتە قايتىپ كىتىمەن، شۇڭا سىلەرمۇ يۆتكىلىڭلار». ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىبنى ساباھ كىشىلەرنىڭ ئىتتىپاقلاشقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆز گۇرۇھىغا: «ئەلۋەتتە ئەلى بىلەن ئائىشە سۈلھى تۈزۈپ ئىتتىپاقلىشىۋالسا بىزنىڭ قېنىمىز تۆكۈلىدۇ (يەنى ئۇلار بىرلىشىپ ئوسماننىڭ قان قىساسىنى بىزدىن ئالىدۇ)، ئەگەر سىلەرگە ئاشۇ ئادەملەرگە ئارىلىشىش مۇمكىن بولسا، ئۇلارغا ئارىلىشىڭلار ـ دە، ئەتە ئۇلار

ئۇچراشــقاندا ئۇرۇشــنى باشــلىۋېتىڭلار، ھەمــدە ئۇلارغــا بىــر نەرســىنى چۈشىنىۋېلىشقا ئورۇن قالدۇرماڭلار» دېدى. ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئىشنى ئىجرا قىلىشىغا ئىبنى ساباھ گۇرۇھىنىڭ ئائىشە تەرەپتىمۇ، ئەلى تەرەپتىمۇ بارلىقى بەكمۇ ياردەملەشتى. ئەمىلىيەتتىمۇ مۇسۇلمانلار سۇلھى قىلىش ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە ئۇچراش ئالدىدا ئىبنى ساباھ گۇرۇھلىرى ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۇرۇش باشلىۋەتتى، نەتىجىدە ھەر ئىككى گۇرۇھ ئۆزىنىڭ يەنە بىر تەرەپ ھەمراھىنى ئەھدىسىنى بۇزدى دەپ گۇمان قىلىپ قالدى ـ دە مۇسۇلمانلاردىن بىر نەچچە مىڭى ئۆلۈپ كەتكەن جەمەل ئۇرۇشى يۈز بەردى.

جەمەل ئۇرۇشى ـ بۇ ئۇرۇشقا ھەزرىتى ئائىشە تۆگە مىنىپ چىققانلىقى ئۈچۈن جەمەل (يەنى تۆگە) ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان. ۋاپات بولغانلار ئىچىدە تەلھە ۋە زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ بار ئىدى. ھەزرىتى ئەلى ئۆز جامائىتىنى ئۇرۇشتىن توسۇپ قېلىشقا قادىر بولالمىدى. ھەزرىتى ئائىشەمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئىگە بولالمىدى. ھەزرىتى ئەلى ھەزرىتى ئائىشەگە لايىقىدا ئۇلاغ، ئوزۇق ـ تۈلۈك قاتارلىق ھەممە نەرسىنى تەييارلاپ بەردى، ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىلىپ ساق قالغانلارنى ئۇنىڭغا قوشۇپ چىقىرىپ قويدى، لېكىن ھەزرىتى ئەلى بىلەن بىرگە قېلىشنى خالايدىغانلار قېلىپ قالدى. ھەزرىتى ئائىشەگە بەسرەنىڭ ئېسىل ئاياللىرىدىن **40** نى خىزمىتىگە تاللاپ بەردى، ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ئۆز ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى ئەلىنى ئۇنى ئۆز مەنزىلىگە يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى ۋە ئۆزى ئائىشەنى بەسرەنىڭ سىرتىغىچە بىر نەچچە مىل ئۇزىتىپ چىقتى. بۇ ئەھۋال ھىجرىيىنىڭ **36** ـ يىلى بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىراق تەرەپتىكى پىتنە تۈپتىن كېسىلدى. لېكىن ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئالدىدا سەبەرىيە گۇرۇھى ھەرىكەتلەندۈرگەن يەنە بىر پىتنە قىلىپ قالدى، بۇ پىتنە شامدا ئىدى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھۆججىتىگە كەلسەك ھەقىقەتەن ئۇ ئىتائەتكە لايىق بىر ئىمام. ھەمدە مۇسۇلمانلار ئەلى بىلەن مۇئاۋىيەنىڭ ئوتتۇرىسىنى باراۋەر كۆرمەيدۇ، ئەلىنى ئەلا كۆرىدۇ، دېمەك، مۇئاۋىيە ئەلگە باراۋەر ئەمەس، شۇڭا مۇئاۋىيە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلىشى لازىم.

مۇئاۋىيەنىڭ ھۆججىتى بولسا ـ ھەقىقەتەن ئەلى ئوسماننىڭ قاتىللىرىغا

شەھەردىن ئورۇن بەردى، ھەمدە ئۇنى جازالىمىدى، مۇئاۋىيە ئەلىنىڭ ئوسماننىڭ قاتىللىرىغا ئورۇن بەرگىنىگە رازى ئەمەس، چۈنكى مۇئاۋىيە ئوسماننىڭ قېنىنى تەلەپ قىلغۇچى.

مانا ئەھۋال شۇنداق ئىكەن. نەتىجىدە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ خەلىپىلىك ئاساسىدا بولغان ئەمەس. پەقەت ئۇ ئىختىلاپ ئوسماننىڭ قاتىللىرى مەسىلىسى ئەتراپىدا بولغان. ئىمام غەزالى مۇشۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ: «مۇئاۋىيە بىلەن ھەزرىتى ئەلى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشلار ئىجتىھادقا ئاساسەن بولغان، مۇئاۋىيەنىڭ خەلىپىلىك توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىشىدىن بولغان ئەمەس. ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەر ئىجابى بىر نەتىجە كەلتۈرۈپ چىقىرالماي ئاخىرىدا ئىككى گۇرۇھنى (مۇئاۋىيە بىلەن ئەلى گۇرۇھى) ئۇرۇشۇشقا ئېلىپ باردى. شۇ ۋەجىدىن مۇسۇلمانلاردىن بىر نەچچە مىڭ ئادەم «سىففىن» جېڭىنىڭ قۇربانى بولۇپ قالدى (ھەزرىتى ئەلى بىلەن مۇئاۋىيە ئوتتۇرىسىدا «سىففىن» دېگەن جايدا چوڭ ئۇرۇش بولغان). مۇئاۋىيەنىڭ ياردەمچىلىرى ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ ئەلىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بولغانلىقىنى ئۇقۇپ قالغان ۋاقىتتا ھۆكۈم قىلدۇرۇش تەلىپىگە ئۆتتى. نەتىجىدە ئىمام ئەلى ئۆز تەرىپىدىن ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنى، مۇئاۋىيە ئەمىر ئىبنى ئاسنى ۋەكىللىككە تاللىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھاكىم (ھۆكۈم قىلغۇچى) قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بولۇپ، ھۆكۈم قىلىنىماقچى بولغان نەرسە ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەسھابلىرىنىڭ نەزىرىدە ھەزرىتى ئوسماننىڭ قاتىللىرىنىڭ مەسىلىسى ئىدى. لېكىن ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلغۇچىلار بۇ ئىشتىن ئەلىنىڭ خەلىپىلىك قانۇنىغا ھالقىپ ئۆتتى. دېمەك، بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى ئەلىنى خەلىپىلىكتىن ئايرىش ۋە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا كېڭەش قىلىنىغان ئەلىنىڭ خەلىپىلىك ئىشىنى تاشلاش بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ نەتىجە بارلىققا كەلگەن ۋاقىتتا ھەزرىتى ئەلىنىڭ تەرەپدارلىرى قوزغىلىپ، مۇنداق ھۆكۈم قىلدۇرۇشنى قوبۇل قىلمىدى، كېيىن مۇشۇ ئىش تۈپەيلى خاۋارىج گۇرۇھى مەيدانغا كەلدى. بۇ خاۋارىجلار ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ھىجرىيىنىڭ **40** ـ يىلى سۇيىقەست قىلغان ئادەملەر ئىدى. بۇ



www.uyghurkitap.com

ئەھۋال ھىجرىيە 38 ـ يىلى «نەھرىۋان جىڭى» دەپ ئاتالغان قاتتىق بىر جەڭدە ئىمام ئەلى ئۆلارغا غالىب بولغاندىن كېيىن بولغان ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇن خاۋارىجلار ئۆلگەن ئىدى».

# ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەمىلىي ئىشلىرى

ھەقىقەتەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكى پىتنىلەرنى جۇغلىغان بىر خەلىپىلىك بولدى. چۈنكى ئۇ ھەزرىتى ئوسمان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن خەلىپىلىككە بەيئەت بېرىلگەن. دېمەك، ئۇنىڭ خەلىپىلىك كۈنلىرىدە پىتنىلەر ۋە قانلىق جەڭلەر بولغان بولۇپ، بۇ ئىشلار مۇسۇلمانلارنى ئەبۇ بەكرىنىڭ زامانىسىدا باشلانغان، ئۆمەرنىڭ زامانىسىدا ئۈزۈن داۋام قىلغان، ئوسماننىڭ زامانىسىنىڭ چوڭ يېرىمىدا داۋاملىشىپ كەلگەن پەتھىلەر بىلەن بولىدىغان دۇنياۋى ئەلچىلىكنى تولۇقلاشتىن ۋاقتىنچە توختىتىپ قويىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى ئەلگە پەتھىلەرنى تولۇقلاش ۋە دۆلەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇستەھكەملەشكە ۋاقىت ئاجرىتىش نېسىپ بولمىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئەجىلى سەل كېيىنگە سوزۇلغان، ئۇنىڭ خەلىپىلىك زامانىسى پىتنەلەردىن خالى بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۆمەرنىڭ دەۋرىگە ئوخشاش ئادالەت، توغرىلىق، ئىسلامغا بەرىكەت، ئىنسانىيەتكە رەھمەت بولغان تارىخ زامانلىرىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرلىرىدىن بولار ئىدى.

ھەزرىتى ئەلى خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى، ھالبۇكى قىلىچلار يالىڭاچلانغان، يۈرەكلەر ئۆزگەرگەن، يەھۇدى ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى پۈتۈنلەي پىتنە ئوتىنى يېقىشقا، مۇسۇلمانلار بىرلىكىنى پارچىلاشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقان بىر ھال ئىدى. مانا مۇشۇلارنىڭ نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلار يۈزمۇ ـ يۈز چوڭ ئۈچ جەڭدە كىچىپ، ئۇنلارچە

جەڭدە تۆتۈشتى، بەزىسى بەزىسىنىڭ قېنىنى تۆكتى، بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەقىقىي ئىخلاسمەن ۋە تىرىشچانلىقىغا جەزم قىلىشىمىز بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئىختىلاپى تۈپەيلىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇشتا، ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى زەئىپلەشتۈرۈشتە ۋە دۇنياغا ئومۇمىيۈزلۈك ئىنسانىي ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتىكى كەمچىلىك پەيدا قىلىش توغرىسىدا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن تەسىرلىرىگە ھەم ئىنكار قىلمايمىز. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەھمى قىلسۇن ۋە ئۇلارنى مەغپىرەت قىلسۇن. ئامىن!

مانا شۇنداق، ئۇنىڭ خەلىپىلىكنى ئىھاتە قىلىپ قورشىۋالغان پىتنە بىلەن تۇرۇقلۇق ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەقتە قاتتىق، ئادالەتنى تۇرغۇزىدىغان، ئاللاھدىن قورقىدىغان، ئۇممەتنىڭ پايدىسىغا كۆيۈنۈشتە بەك تىرىشچان ئىدى، ئۇ ياخشىلارنى ۋالىي قىلىدىغان، كەمچىلىك ئۆتكۈزگەنلەردىن ھېساب ئالىدىغان، ھەق توغرىسىدا ھەرگىز خۇشامەت قىلمايدىغان، ئاللاھ توغرىسىدا مالامەت قىلغۇچىنىڭ تاپا ـ تەنىسىدىن قورقمايدىغان كىشى ئىدىكى، دۇنيادا زاھىد (يەنى دۇنيادىن كۆڭۈل سۇۋۇتقان)، راھەت ـ پاراغەتتىن يىراق ئىدى. شۇنداقلا ئۇنىڭ ھاياتى جاپا ـ مۇشەققەتلىك بولدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەقىقەتەن شېھىت بولدى. مەن ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى توغرىسىدىكى سۆزۈمنى ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا كېسەل ۋاقتىدا (يەنى قەستكە ئۇچرىغان چاغدا) قىلغان ۋەسىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن. بۇ ۋەسىيەت ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھاياتقا بولغان كۆز قارىشىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالاقىسىغا بولغان نەزەرىيەسىنى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا بولغان ئارزۇسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەمدە مۇشۇ ۋەسىيەت ئىمام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۇلھىنى ئىجرا قىلىشقا ئېلىپ بارغان تۈرتكىلەردىن بولسا كېرەك. بۇنىڭ (ئىمام ھەسەننىڭ) ۋەقەسى ئۆزۈن قالماي كېلىدۇ. بىز سىزگە تەبەرى ئۆز تارىخىدا سۆزلىگىنى بويىچە ئاشۇ ۋەسىيەتنىڭ ئوچۇق مەزمۇنىنى كەلتۈرىمىز.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللەنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن
مانا بۇ تۆۋەندىكى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ قىلغان
ۋەسىيىتىدۇر.

«ۋەسىيەت قىلىمەنكى، جەزمەن مەن ئاللاھدىن باشقا مەئبۇد بەرھەقنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تولۇق ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن (يەنى ئىسلام بىلەن) مۇشۇ دىننى گەرچە مۇشرىكلار بۇ دىننىڭ ئۈستۈن بولۇشىنى يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئۇندىن كېيىن مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم، دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر. مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز ئاللاھقىلا) خالىس ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. مەن مۇسۇلمانلاردىن، ئۇندىن كېيىن ئى ھەسەن، ساڭا ۋە پۈتۈن بالىلىرىمغا ۋە ئائىلەمگە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىشقا ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەن ۋاپات بولۇشۇڭلارغا ۋەسىيەت قىلىمەن. ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، بۆلۈنمەڭلار. چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىدىم: «ھەقىقەتەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىنى ئىسلاھ قىلىش ھەر قانداق ناماز، ھەر قانداق روزىدىن ئەۋزەل»، سىلەر سىلە ـ رەھىم قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرگە نەزەر سېلىپ ئۇلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار سىلەرگە قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب يەڭگىل بولىدۇ. سىلەر بىر ـ بىرىڭلارغا يېقىنلىقىنى، باردى ـ كەلدىنى لازىم تۇتۇڭلار. كەينىڭلارنى قىلىشىپ يۈرۈشتىن، بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ئۈزۈلۈشۈپ كىتىشتىن، بۆلۈنۈپ كىتىشتىن قاتتىق ساقلىنىڭلار. ياخشى ئىشقا، تەقۋادارلىققا ياردەم بېرىڭلار، گۇناھ ـ تاجاۋۇزغا ياردەم بەرمەڭلار، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، شۈبھىسىزكى ئاللاھنىڭ جازاسى قاتتىقتۇر. سىلەرنى ئاللاھ مۇھاپىزەت قىلغاي، ئىچىڭلاردا پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتى ساقلانغاي، سىلەرنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم، سىلەرگە

سالام ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولسۇن».

دېدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن پەقەتلا «لائىلاھە ئىللەللاھ» دېدى ـ دە جان ئۈزدى. ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن.

## ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى قىلىنغان مەسلىھەت ۋە ئۇنىڭ خۇسۇمەتچىلىرى

ئاشۇنداق چوڭ ھادىسىلەر ۋە شۇنداق زۇلمەتلىك ھاۋالىق زامانلار ئارىسىدىن ئاللاھ تائالانىڭ مۇشۇ ئۇلۇغ ئىمام ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھاياتىغا توختام بەلگىلىمىسى ئۈچۈن قويغان قەدەر يېتىپ كەلدى. پىتنە ئۆز ئىپقىنىدا ئېقىپ كەتكەن، مۇسىبەتلەر مۇسىبەتنى تۇغۇۋاتقان ئىدى. بۇ ئەھۋال ھىجرىيىنىڭ 40 ـ يىلى يىل چىقىپ كىتىشتىن سەل ئىلگىرى ئىدى. بۇ يىل تۆتىنچى خەلىپە ئەلى كەررەمۇللاھۇ ۋەجھەھۇنى قالدۇرۇپ ئۆزى كۆچۈپ كىتىشنى خالىمىدى. ھەزرىتى ئەلىگە ۋە شۇ دەۋردىكى ئۇممەتنىڭ كاتتىلىرىغا قارشى بولغان مەسلىھەت خەۋىرىگە كەلسەك، بۇ ئەھۋالنى تارىخ كىتابلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان رىۋايەتلەردە سۆزلەيدۇ. بىزنىڭ سۆزلەيدىغىنىمىز ئىبنى سەئىد «تىبغات» ناملىق كىتابىدا تەبەرى تارىخىدا رىۋايەت قىلغان سۆزلەرنىڭ خۇلاسىسىدۇر.

ھەزرىتى ئەلى خاۋارىجلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان نەھرىۋاندىكى جەڭدىن كېيىن خاۋارىجلاردىن ئۈچ كىشى بىر يەردە ئۇچرىشىپ مۇسۇلمانلار ئىشى توغرىسىدا سۆزلەشتى، ھەمدە نەھرىۋان كۈنىسى ئۆزلىرىگە يەتكەن مەغلۇبىيەتنىڭ ئاچچىقلىرىنى، شۇ چاغدا ئۆلۈپ كەتكەن يارانلىرىنى ئەسلەشتى. ئۇلار خالايىقنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادىتىگە چاقىرىدىغانلار ئىدى. ئۇندىن كېيىن بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ پىكرى مۇشۇنداق ئۇرۇش ۋە پىتنەلەرگە

سەۋەب بولغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە قارار تاپتى. سەۋەب بولغانلار (ئۇلارنىڭ قارىشىدا) شۇ چاغدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرى ئىدى. مانا بۇ ئىش (يەنى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش) ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا ئاللاھقا يېقىن بولۇشنىڭ ۋاسىتىسى ئىدى.

ئاشۇ ئۈچ ئادەمگە كەلسەك: بىرىنچىسى، ئابدۇرەھمان ئىبنى مۇلجەم بولۇپ، ئۇ مۇكەممەل ئاتلىقلاردىن ئىدى. ئۇ مىسىر پەتھىسىگە قاتناشقان، ئۇندىن كېيىن شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئەلىگە ئەگەشكۈچىلەردىن بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن «سىففىن»دا بىللە بار ئىدى. ئۇندىن كېيىن ئۇنىڭغا قارشى چىققان ئىدى. ئىككىنچىسى، ۋەلىد ئىبنى ئابدۇللا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ھەججاج ئىدى، ۋەلىد ئۇنىڭ لەقىمى ئىدى. ئۇ بەسرەلىك ئىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلدۇرۇش مەسىلىسىگە دەسلەپ قارشى چىققان ئادەم ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئەمىر ئىبنى بەكىر تەمىمى ئىدى، ئۇ خاۋارىجلاردىن بىرسى بولۇپ ئاتلىق ۋە قاتتىقلىق بىلەن شۆھرەت قازانغانلاردىن ئىدى، شۇنداق قىلىپ بۇ ئۈچى ئۆز ئىشىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بىكىتتى. شۇنىڭغا لايىق ۋاقىتمۇ بەلگىلىدى. ئىبنى مۇلجەم «مەن كۇفەگە بېرىپ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى ئۆلتۈرۈشكە بەل باغلايمەن» دېدى. ۋەلىد ئىبنى ئابدۇللا «مەن دەمەشىققە بېرىپ مۇئاۋىيەنى ئۆلتۈرۈشكە كېپىل بولىمەن» دېدى. ئەمىر ئىبنى بەكىرگە كەلسە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى مىسىردىكى ئەمىر ئىبنى ئاسنى ئۆلتۈرۈش ئىدى. بۇلار ئۆزى ئۆزىگە تەيىنلىگەن ئەھدىسىدىن قايتماسلىقا ئۆز ـ ئارا ئەھدە قىلىشتى ۋە قەسەم قىلىشتى، ھەمدە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن رامزاننىڭ 17 ـ كېچىسىنى بەلگىلىك ۋاقىت قىلىپ بىكىتتى. ئۇندىن كېيىن ئايرىلىپ كىتىشتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزى سۈيقەست قىلماقچى بولغان شەخس ئورۇنلاشقان شەھەرگە يۇرۇپ كەتتى. ۋەلىدگە كەلسەك، ئۇ پۈتۈشكەن كېچىدە مۇئاۋىيەنى ماراپ تۇردى، مۇئاۋىيە بامدات نامىزىغا چىقىۋىدى، پىچاق تىقتى، نەتىجىدە مۇئاۋىيە ئۆلمەي جاراھەتلەندى، ۋەلىد تۇتۇلدى، ئۇندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلدى. ئەمىر ئىبنى بەكىرگە كەلسەك، ئۇمۇ ھەم بامدات نامىزىدا ئەمىر ئىبنى ئاسنى ماراپ تۇردى. ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە

www.uyghurkitap.com

شۇ كۈنسى ئەمىر ئىبنى ئاسنىڭ بامداتتا چىقماسلىقىنى خالىغان ئىكەن، چۈنكى شۇ كۈنسى ئۇنىڭ قورسىقى ئاغرىپ قالغان ئىكەن. دېمەك، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ساقچى باشلىقى خارىجە ئىبنى ھۇزاقە چىقتى. ئىبنى بەكىر بۇ ئادەمنى ئەمىر ئىبنى ئاس دەپ گۇمان قىلىپ ئۇنى پىچاق تىقىپ ئۆلتۈردى. نەتىجىدە كىشىلەر ئەمىر ئىبنى بەكىرنى تۇتىۋالدى، ئۇنىدىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتى.

## ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھۇنىڭ شېھىت بولۇشى

ئىبنى سەئدى «تىبغات» ناملىق كىتابىدا ئابدۇرەھمان ئىبنى مۇلجەم ھەزرىتى ئەلىگە سۇيىقەست قىلىش ئۈچۈن كۇفەگە يۈزلەنگەن ۋاقىتتىكى ئىشلىرىنى سەنەدلىرى بىلەن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇرەھمان ئىبنى مۇلجەم كۇفەگە كېلىپ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ خاۋارىج ھەمراھلىرى بىلەن ئۇچراشتى، ئەمما ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشنى يوشۇرۇن تۇتتى، ئۇ ئاشۇ ھەمراھلىرىنى يوقلايتتى، ئۇلارمۇ ئۇنى يوقلايتتى، بىر كۈنى ئۇ تەيمىراباب قەبىلىسىدىن بىر گۇرۇھ ئادەمنى يوقلاپ بېرىۋىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قەتان دەيدىغان بىر ئايالنى كۆردى، بۇ ئايالنىڭ دادىسى ۋە ئاكىسىنى ئىمام ئەلى «نەھرىۋان» كۈنىسى ئۆلتۈرىۋەتكەن ئىدى. ئابدۇرەھماننى بۇ ئايالنىڭ گۈزەللىكى ئەجەبلەندۇردى، شۇڭا بۇ ئايالغا خېرىدار بولدى. ئۇنىڭ توي قىلىش تەلىۋىنى بىلگەندىن كېيىن قەتان مۇنداق دېدى: «سەن ماڭا قانچىلىك تويلۇق بېرىدىغىنىڭنى ئوچۇق دېمىگىچە مەن ساڭا تەگمەيمەن»، بۇنى ئاڭلاپ ئابدۇرەھمان «نېمىنى تەلەپ قىلساڭ شۇنى بېرىمەن» دېدى. قەتان ئېيتتىكى «**3000** پۇل ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى ئۆلتۈرۈش مېنىڭ تويلۇقۇم». ئۇنىڭغا جاۋابەن ئابدۇرەھمان ئىبنى مۇلجەم

مۇنداق دېدى: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنى مۇشۇ شەھەرگە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى ئۆلتۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمىدى، جەزمەن مەن ساڭا سەن سورىغان نەرسىنى بېرىمەن». ئابدۇرەھمان ئىبنى مۇلجەم شەھەد ئىبنى بەزرەتىل جەيىيگە ئۇچرىشىپ ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىشنى ئۇقتۇردى ۋە ئۇنى شۇ ئىشتا ئۆزى بىلەن بىللە بولۇشقا دەۋەت قىلدى. نەتىجىدە شەھىد ئۇنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلدى، ئابدۇرەھمان ئىبنى مۇلجەم ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئەتىگەنلىكنىڭ شۇ كېچىسى ئەشئەس ئىبنى قەيس بىلەن، ئۇنىڭ (يەنى ئەشئەسنىڭ) مەسجىدىدە تاڭغا يېقىنلاشقانغا قەدەر پىچىرلىشىپ ئۆتكۈزدى. تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغان ئەنە شۇ چاغدا ئەشئەس ئابدۇرەھمانغا «تاڭ ئاتتى، ئەمدى قوپقىن» دېدى. شۇنداق قىلىپ ئابدۇرەھمان ئىبنى مۇلجەم بىلەن شەھىد ئورنىدىن تۇرۇپ قىلىچلىرىنى ئېلىشتى. ئۇنىدىن كېيىن بۇ ئىككىسى ھەزرىتى ئەلى چىقىدىغان بىر كوچىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى. ھەزرىتى ئەلى «ئى خالايىق، نامازغا كېلىڭلار! نامازغا كېلىڭلار!» دېگەن پېتى ئۆيىدىن چىقتى. ھەزرىتى ئەلى كۇندە ئۆيىدىن چىققان ۋاقىتتا شۇنداق قىلاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا كىشىلەرنى ئويغىتىدىغان نەرسە بار ئىدى. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى ئادەم چىقتى. مۇشۇ ئەھۋالغا ھازىر بولغانلاردىن بىرسى مۇنداق دەيدۇ: «مەن قىلىچنىڭ پاقىرىغانلىقىنى كۆردۈم ۋە بىر ئادەمنىڭ «ئى ئەلى، ھۆكۈم قىلىش ساڭا ئەمەس، بەلكى ئاللاھقا خاس»» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئۇندىن كېيىن ئىككىنچى قىلىچنى كۆردۈم، ئۇ ئىككىسى قىلىچنى بىرگە ئۇردى. شەھىد قىلىچنى خاتا ئۇرغان ئىكەن، ئەمما ئىبنى مۇلجەم ئەلىنىڭ بېشىغا سالغان ئىكەن. مەن ئەلىنىڭ «ماۋۇ ئادەم قېچىپ كەتمىسۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. لېكىن شەھىد قېچىپ كەتتى. ئىبنى مۇلجەم تۇتۇلدى. ھەزرىتى ئەلى جۈمە، شەنبە كۈنى ۋە شەنبە كەچكىچە تۇردى. بۇ زات (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ھىجرىيە **40** ـ يىلى رامزاننىڭ **19** ـ كۈنى يەكشەنبە كۈنلۈكتە ۋاپات بولدى».

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# هەزرىتى ئەلىنىڭ قاتىلى بولغان ئابدۇرەھمان ئىبنى مۇلجەمنىڭ ئاقىۋىتى

ئابدۇرەھمان ئىبنى مۇلجەم تۇتۇلغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەلىنىڭ قېشىغا ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئېلىپ كىلىندى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ چاغدا مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭ تامىقىنى ياخشى قىلىپ بېرىڭلار، ياتىدىغان يىرىنى يۇمشاق قىلىپ بېرىڭلار، ئەگەر مەن ھايات قالسام ئۇنىڭ قېنىنى ئەپۇ قىلىشقا ياكى قىساس ئېلىشقا ئۆزۈم ھەقلىق. ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم ئۇنى ماڭا قوشۇۋېتىڭلار (يەنى قىيىنمايلا ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار)، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھۇ رەببىل ئالەمىيىنىنىڭ ئالدىدا داۋالىشىمەن».

ھەزرىتى ئەلى ۋاپات بولغان ۋاقىتتا ئىمام ھەسەن ئادەم ئەۋەتىپ ئىبنى مۇلجەمنى كەلتۈرگەندە، ئۇنىڭ ئىمام ھەسەنگە: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھەر قانداق بىر ئەھدە قىلسام ئۇنى تولۇق ئورۇنلايتتىم، ھالبۇكى مەن ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالاغا ئەلىنى ۋە مۇئاۋىيەنى ئۆلتۈرۈشكە ئەھدە بەرگەن ئىدىم، ئەگەر خالىساڭ مەن بىلەن مۇئاۋىيە ئوتتۇرىسىنى خالى قويساڭ (يەنى مېنى قويۇپ بەرسەڭ)، ئۇنى ئۆلتۈرسەم، ساڭا ۋە ماڭا ئاللاھ گۇۋاھ بولسۇنكى، ئەگەر مەن ئۆلتۈرەلىسەم ياكى ئۆلتۈرەلمىسەم، ئۇندىن كېيىن ساق قالسام سېنىڭ يېنىڭغا ئۆزۈم كىلىپ قولۇمنى بوينۇمغا قويسام (يەنى ئۆزۈمنى ئۆلتۈرسەم)» دېگەنلىكى، ئۇنىڭغا جاۋابەن ئىمام ھەسەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن ئوتقا كىرگۈچە مەندىن قۇتۇلۇپ قالالمايسەن (سەن ئۆلگەندىن كېيىن ئوتقا كىرىسەن، مەن سېنى قويۇپ بەرمەيمەن دېمەكچى ـ ت)، ئەمدى سەن پەقەت ئاخىرەتتە جازالىنىسەن، ھەرگىز سەن دېگەندەك بولمايدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئىمام ھەسەن ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتى.

## ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش مەسىلىسىدە

## توختىلىپ ئۆتۈش

شۈبھىسىزكى ئەلــى رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇنى ئۆلتــۈرگەن قاتىلنىــڭ ئــۆزى قىلغان ئىشنى ئاللاھقا يېقىن بولىدىغان ۋاستە، مۇشۇ ئىش بىــلەن ئاللاھقــا يېقىنلاشقىلى بولىدۇ، چۈنكى ئۆز رەببىگە ئــۆزى بىــلەن بىــرگە ئۇچرايــدىغان تائەتنى قىلدىم دەپ ئېتىقاد قىلغىنىنى كۆرگەن ۋاقىتتا ھەر بىــر ئىنسان بىــر قىسما ھەيرانلىقتا بولۇپ قالىدۇ. مانا بــۇ قاتىلنىــڭ قىلغــان ئېتىقــادى ئــاللاھ تابارەك ۋە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى ئۆز ئىچىگە ئالغانلار ئىكەنلىكىدە شەك يــوق. ئاللاھ تائالا ئېيتتى:

«سىلەرگە ئەمەللىــرى جەھەتــتىن ئەڭ زىيــان تــارتقۇچىلارنى ئېيتىــپ بېرەيلىمۇ؟ ئۇلار ھايــاتىي دۇنيــادا قىلغــان ئەمەللىــرى يوققــا چىققــان ئەممــا ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلــدۇق دەپ ئويلىغــان ئــادەملەردۇر.» (ســۈرە كەھــف 103 ـ 104 ئايەت)

ئەلۋەتتە ئوسمان رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇنى پىتــنىگە دەۋەت قىلغــۇچىلاردىن ئىبارەت ئەسكى ئــادەملەرنى ئۆلتــۈرگەن بولــسا، ئەلــۋەتتە ئەلــى رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇنىمۇ ئىسلامنى چۈشىنىشتە مايماققا كەتكەن، شەيتان ئۇلارغا قالايمىقــان ئىشلارنى چىرايلىــق كۆرســتىش پەيــدا قىلىــپ قويغــان، نەتىجىــدە ئۇلارغــا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامىنى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرســتىپ قويغــان، ھەمــدە بۇنداق قىلىش ئىبادەت، ئۇنىــڭ بىلەن جەننەتنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ دەپ شەيتاننىڭ زىننەتلىشىگە ئۇچرىغان ئەسكەرلەردىن بىرسى ئۆلتۈردى.

ھەقىقەتەن خــاۋارىجلار ئىبــادەت قىلىــش ۋە تەقۋالىــق بىــلەن مەشــغۇل ئىدى. لېكىن ئۇلارنىــڭ ئىبــادەتخورلۇقى، ئۇلارنىــڭ ئىــسلامنى چۈشىنىــشتە مايماققا كەتكەن، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنى مۇستەھەپ دەپ قارىغان بولۇپ، ئىمامنىــڭ قېنىنــى تۆكۈشــنى ۋە ئۇنىــڭ بىــلەن بىــرگە

بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى رۇخسەت دەپ ھېسابلىغان ۋاقىتتا ئۇلارغا پايدا بەرمىدى. شۇنداق قىلىپ شەيتان ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ھەممە ئۇلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇش نەتىجىسىدە ئۇلار مۇسۇلمانلارغا قارشى چوڭ پىتنە ئىشىكىنى ئاچتى ۋە مۇسۇلمانلار ئەلى بىلەن، ۋە مۇئاۋىيە بىلەن بىللە ئىككى گۇرۇھ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئەمەس، بۇنىڭ بىلەنمۇ ئەمەس، ئۈچىنچى بىر گۇرۇھ بولغانغا قەدەر مۇسۇلمانلارنىڭ بۆلۈنۈشىدە زىيادىلىك پەيدا قىلدى. بۇ خاۋارىجلارنىڭ ئىچكى قىسمى پەخرلىنىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىبادىتىگە مەغرۇرلىنىش بولغىنى ئۈچۈن نەتىجىدە ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ھاقارەتلەپ، توغرا يولدىكى ئىماملارغا تاندى. ھەممىدە مەغرۇرلارنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن ئازدۇردى.

نەتىجە خۇلاسە شۇكى، مانا ئاشۇ تارىخ بېتىنى يەنە بىر قېتىم بىزگە قايتۇرۋاتىدۇ. بىلىش لازىمكى، ئاشۇنداق ئۆز ئىبادەت ـ تائىتىگە مەغرۇرلىنىشنى شەيتان چىرايلىق كۆرسەتكەن گۇرۇھلار ئىسلاھ ئادەملىرىگە ئىنكار قىلىدۇ. ئۆز نەپسىنى دەپ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىك سېپىنى بۆلۈۋېتىشنى ۋە ئىسلامى دەۋەت قۇرۇلۇشنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىز دەسلەپكى خاۋارىجلارنى ھازىرقىلارغا ئوخشاتقىنىمىزدا ئۇلارنى زالىم دېيىشكە يېقىنلاپ قالىمىز، چۈنكى ئۇلار يالغانچى ئەمەس، جىھاد قەھرىمانلىرى ئىدى. ماۋۇلار سۆز قەھرىمانلىرىكى، راست سۆزلىمەيدۇ. ئىلگىرىكى ۋە ئاخىرقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاستۇر. نېمە ئۈچۈن ئۇلار ئاللاھ تەبارەك ۋە تائالانىڭ:

«ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىششتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.» (سۇرە ئەنفال **46** ـ ئايەت)

دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمايدىغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار تارىختا نەزەر سېلىپ تارىخ ھادىسىلىرىدىن ئىبرەت ئالمايدىغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىسلام ئۈممىتى دۈشمەنلىرىنىڭ بىزنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەت مەنبەئىمىز بولغان ئىسلامنى بىزنىڭ قەلبىمىزدىن تارتىۋېلىشتىن ئۈمىد ئۈزۈپ دەرھال بىزنىڭ بىرلىكىمىزنى بۆلۈۋېتىشكە، سەپلىرىمىزنى پارچىلىۋېتىشكە تۇتۇش قىلغىنىنى

تونۇپ يەتمەيدىغاندۇ؟ دېمەك، بىز ئاخىرقى نەتىجىدە ئۇلار ئىرادە قىلغاندەك بىر نەچچە گۇرۇھ ــ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتۇق. بىزگە پەقەت بىر ــ بىرىمىزگە تەنە قىلىشتىن باشقا نىسۋە قالمىدى. ھەمدە بىز مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلى ئۆز نىشانلىرىمىزنى ئىجرا قىلىشتىن كاشىلا بولۇپ قالدۇق ۋە بۈيۈك ۋەزىپىمىزدىن يىراقلاپ كەتتۇق.

## بىرلىكنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە مۇسۇلمانلار سۆزىنىڭ بىرلىششى

بىز ھەقىقەتەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن سۈلھى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ سۆزىنىڭ بىرلىككە كېلىشىدىن ئىبارەت ئەھۋاللارغا بىر قۇر بىشارەت بېرىپ ئۆتىشىمىز لازىم. بۇ ئىشارىتىمىز بىرەر ئىنسانىنىڭ ئۇممەت ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا بىرلىككە كېلەلمەيدۇ دەپ گۇمان قىلماسلىقى ئۈچۈن، بەلكى شۇ ئۇممەتنىڭ يولى بىر ۋە روشەن بولسا بىرلىككە كېلەلەيدۇ دېگەننى ئۇقتۇرىدۇ. مەن ئىمام بۇخارى سەھىھ كىتابىدا رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىسمى بىلەن قوشۇپ ھەسەن بەسرەدىن رىۋايەت قىلغان سۆزنى كەلتۈرۈشۈمگە كۇپايە قىلىمەن.

ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەسەن ئىبنى ئەلى مۇئاۋىيەگە قارشى تاغدەك قوشۇن بىلەن ئالدىنى قىلىپ كەلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئەمىر ئىبنى ئاس «مەن ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ ھەمشىرىكلىرىنى ئۆلتۈرمىگىچە قايتمايدىغان بىر قوشۇننى كۆرىۋاتىمەن» دېدى. شۇئاندا مۇئاۋىيە ئەمىر ئىبنى ئاسقا «ئى ئەمىر، ئەگەر ئاۋۇلار ماۋۇلارنى، ماۋۇلار ئاۋۇلارنى ئۆلتۈرسە، كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىغا، ئۇلارنىڭ قېپقالغان ئائىللىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ كىچىك بالىلىرىغا كىم مەسئۇل بولىدۇ؟»

دېدى. شۇنىڭ بىلەن مۇئاۋىيە ئىمام ھەسەن تەرەپكە ئابدۇ شەمس قەبىلىسىدىن (بۇمۇ قۇرەيش مەنسۇپ قەبىلە ئىدى) ئابدۇرەھمان ئىبنى سەمۇرا ۋە ئابدۇللا ئىبنى ئامىر ئىبنى كەرىز قاتارلىق ئىككى ئادەمنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. بۇلارغا مۇئاۋىيە مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر ئىككىڭلار ئاشۇ ئىمام ھەسەننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا كۆيۈنۈش قىلىپ ئۇنىڭغا سۇلھى قىلىشنى دەڭلار ۋە سۇلھىنى تەلەپ قىلىڭلار». بۇ ئىككىسى ئىمام ھەسەننىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ سۆزلىدى ۋە سۇلھى گېپىنى قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن سۇلھى قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى. شۇندىن كېيىن ئۇ ئىككىسىگە ئىمام ھەسەن مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىزكى، بىز ئابدۇلمۇتەللىب جەمەتى مۇشۇنداق ھاللارغا يەتتۇق، جەزمەن مۇشۇ ئۇممەت ئۆزىنىڭ قېنىدا ياشاۋاتىدۇ (مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا قان تۆكۈلىدى دېمەكچى ـ ت)». ھېلىقى ئىككەيلەن مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىزكى، مۇئاۋىيە ساڭا مۇنداق ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، ساڭا مۇنداق تەلەپ قويدى، سەندىن شۇنى سورايدۇ (يەنى ياخشى نىيەت بىلەن ئەۋەتكەنلىكىنى دېمەكچى)». ئىمام ھەسەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ «بۇ ئىشقا كىم كېپىل بولىدۇ؟»، بۇ ئىككى ئادەم «بۇ ئىش توغرىسىدا بىز ساڭا كېپىل بولىمىز» دېيىشتى. نەتىجىدە ئىمام ھەسەن قانداقلا بىر توغرىلىق ئۇ ئىككىسىدىن سورىسا، ئۇ ئىككىسى «ئۇ ئىش ئۈچۈن بىز ساڭا كېپىل» دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ ئىمام ھەسەن بىلەن مۇئاۋىيە سۇلھى تۈزۈشتى».

ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: «مەن چوقۇم ئەبۇ بەكرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبەردە تۇرغانلىقىنى، ھەسەن ئىبنى ئەلىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم كىشىلەرگە، بىر قېتىم ھەسەنگە ئالدىنى قىلىپ مۇنداق دېدى: «ھەقىقەتەن مۇشۇ بالام سەييىددۇر. ئاللاھ تائالا مۇشۇ بالىنىڭ سەۋەبى بىلەن مۇسۇلمانلاردىن ئىككى چوڭ گۇرۇھ ئوتتۇرىسىنى ئىسلاھ قىلىشى مۇمكىن»».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام راست ئېيتقان ئىدى. چۈنكى، ھەقىقەتەن

ئاللاھ تائالا ئىمام ھەسەن بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئىسلاھ قىلدى. شۇ جەھەتتىن ئۇممەت ئۆزىنىڭ بىرلىكىگە قايتتى، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ قۇۋۋىتى قايتىپ كەلدى. ھەمدە ئۇنىڭ ھاياتى زېمىن يۈزىدىكى ئىنسانلار ئارىسىدا يولباشچى، رەھبەرلىكى بار ئۇممەتكە ئوخشاش نۇرلاندى. مانا بۇ تارىخنىڭ دەل ئۆزىنى بىزگە يەنە شۇ ھالنى قايتۇرۇپ ئەكىلىۋاتىدۇ. دېمەك، ئەنە مۇسۇلمانلارنىڭ سەھرا دۆڭلۈكلەرنى بويىغان قانلىرى، ئەنە ئۇلارنىڭ نەچچە ئون مىڭ دەپ مۆلچەرلەنگۈدەك جەسەتلىرى، ئەنە ئۇممەتنىڭ بۆلۈنگەنلىكى، پارچىلانغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئۇممەتنىڭ ئاجىزلىشىشىنىڭ پەيدىنپەي زىيادە بولۇۋاتقانلىقى، مانا بۇ ئۇممەتكە ھەسەن ئىبنى ئەلىنىڭ مەيدانىدا تۇرىدىغان بىر كىم بارمىدۇ؟! ئەگەر بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى ساقلاپ قالسا، دۈشمەنلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى ئېچىشتۇرىۋەتسە. بىز ئاللاھ تائالادىن ئاشۇنداق ئادەمنىڭ يېقىندا بارلىققا كېلىشىنى تىلەيمىز. ئامىن.

گۇياكى ئۇممەتنىڭ ئەھۋالىنىڭ سىرى ئۇنىڭغا ئاللاھدىن باشقا كەشىپ قىلغۇچى، يەنى ئۇنىڭ ئازابىنى دەپئى قىلغۇچى يوقتۇر دېگەندەك بولۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

# ئاخىرقى سۆز

تەخمىنەن **30** يىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان تۆت خەلىپە بىسسىپ ئۆتكەن ئەڭ توغرا يولباشچى خەلىپىلىك دۆلىتىنىڭ مۇددىتى بولدى. بۇ تۆت خەلىپە بولسا جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بېرىلگەن، پەيغەمبەرلىك مەكتىۋىدە تەربىيىلەنگەن، ئىسلامى دەۋەت ھاياتىدا ياشىغان كىشىلەردىن ئىدى. ئۇلار ياشىغاندىمۇ باشتىن ـ ئاخىر ئەنە شۇنداق ھاياتتا ياشىغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىنى بويلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى يول قىلىپ، ئۇ كۆرسەتكەن شەرىئەت ۋە ئوچۇق ھىدايەتكە ئاساسەن ماڭدى.

بۇ يەردە ئاشۇ بىر زامان پائالىيەتلىرىنىڭ بەزىسىنى خۇلاسە قىلىپ قويۇشۇم ۋە ھادىسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى ئەھۋاللارنى سۆزلىشىم بەكمۇ زۆرۈردۇر. ئاللاھ ئەڭ ياخشى ياردەمچىدۇر.

**1**. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى باشقۇرۇشىنى، دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشنى ۋە ھادىسىلەرگە چارە قىلىشلىرىنى ئىسلامدىن ئىسلام نامى بىلەن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كېڭەشىشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىش يولىنى تۇتقانىدى.

**2**. شۇ خەلىپىلەردىن ھېچبىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بويىچە ياكى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىشىنىڭ خاھىشى بويىچە دۆلەتنىڭ رەئىسلىك ئىشىدا بېشى ئەبۇ بەكرىدىن تارتىپ ئاخىرى ئەلگىچە ئىگە بولىۋالمىدى. بەلكى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ كېڭىشىشى بىلەن بولغان. لېكىن بۇ كېڭەش ئوخشاشمىغان شەكىللەردە مەيدانغا كەلدى. مانا بۇ ئەھۋال ئىسلامنىڭ خەلىپە تاللاش ئۈچۈن مۇئەييەن بىر كەيپىيات بەلگىلەپ بەرمەستىن، بەلكى بۇ خەلىپە تاللاش ئىشىنىڭ ئۈممەتكە تاپشۇرۇلغانلىقىغا دەلىل بولىدىغان بىر ئىش. دېمەك، ئۈممەت خەلىپىنىڭ قانداق بولۇش ئۇسۇلىنى بەلگىلەيدۇ، ھەمدە ئۈممەت كېڭەش پرىنسىپىنى دائىم ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە شارائىتلارنى مۆلچەرلەيدۇ،

يەنى شارائىتقا مۇناسىپ ئىش قىلىدۇ.

**3**. كېڭەش ئارقىلىق ھاسىل بولغان خەلىپە تاللاشتىن كېيىن شۇ خەلىپىگە ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا بەيئەت بېرىش ھاسىل بولىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ خەلىپىگە قارىتا قارشى پىكىرلىك بولۇشىغا كەلسەك، بۇ خەلىپە تاللاش ئىشىدا ئۈممەتنىڭ كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ پىكرى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئۇندىن كېيىن بەيئەت بېرىش ھاسىل بولسا ئۇ بەيئەتنى شۇ خەلىپىدىن ئوچۇق بىر كۇفرى كۆرۈلمىسە بۇزۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

**4**. ئىسلام دۆلىتىگە زىت بولغان مەسلىھەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن باشلانغانلىقى كۆرۈلىدۇ. خەلىپە بولسا ئىسلامنىڭ مەھكەم تۇتقۇسىنى چۇۋۇش ئۈچۈن قىلىنغان ھەر قانداق سۇيىقەستىنى تۇزۇشكە مەسئۇلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى دەۋرىدە مۇرتەد كىشىلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشقا ئوخشاش يۇقىرىقىدەك سۇيىقەستىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇناسىپ ۋاستىلەر قوللىنىلىشى لازىم.

**5**. ئۈممەت خەلىپىنىڭ ھەممە ئىشىدا ئىقتىسادى ئەھۋالىدىن تارتىپ سىياسى ھاكىمىيەت ۋە ۋالىي بىكىتىشكە قەدەر بولغان ئەھۋاللاردا ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇشقا مەسئۇلدۇر. لېكىن بۇنداق ھېساب ئېلىش ئىسلام بەلگىلەپ بەرگەن بەلگىلىمە ئىچىدە بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا بۇنداق ھېساب ئېلىش ئىشى ۋەكىل خاراكتېرىدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن بولىدۇ. ئۈممەتنىڭ بۇنداق ئىشنى غەۋغا جىدەل كۆتۈرۈش شەكلى بىلەن قوزغىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇنداق ئەھۋال پىتنىگە ۋە تەتۈر تەشۋىقاتلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. بەزى ۋاقىتتا تېخى بۇنداق ھالەت ئىسلامنىڭ قارشىسىغا بېرىپ يېتىدۇ. خۇددى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قارشىسىغا، ئۇندىن كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قارشىسىغا قوزغالغان كىشىلەر پەيدا قىلغان ئەھۋالغا ئوخشاش.

**6**. خەلىپە ھەم تەشۋىق قىلىش ۋاستىلىرى بىلەن ئىسلامنى ئەتراپقا كېڭەيتىش ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەسئۇلدۇر. شۇڭا خەلىپە بولغان كىشى قوشۇن تەييارلايدۇ ھەمدە ئۇنى ھەر تەرەپكە يۈزلەندۈرىدۇ ۋە ئۇ قوشۇننى مۇنتىزىمچانلاشتۇرىدۇ. بۇ ئەھۋاللار دۆلەت شارائىتى ۋە مۇھىت شارائىتى

تولدۇرىدىغان ھەمدە ئىسلامى دەۋەت مەنپەئەتىنىڭ تەقەززاسىنى ھېسابقا ئېلىپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇ بەكرىنىڭ دەۋرىدە پەتھىلەر دۆلەتنىڭ شۇ چاغدىكى كۈچىگە ئاساسەن باشلانغان ئىدى. ئۆمەرنىڭ دەۋرىدە بەكمۇ كېڭەيدى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىمۇ شۇنداق بولغان ئىدى. ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن دۆلەتنىڭ ئىچكى شارائىتى بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى توسۇپ قويدى.

**7.** خەلىپىنىڭ قۇرئاندا ئوچۇق كۆرسەتمە بولمىغان ئىجرائى تۈزۈملەرنى، ئومۇمى مەنپەئەتنى ئەمىلىيەتكە ئېشىشقا مۇناسىپ ھالدا كېڭەش ئاساسىدا ھەمدە مەنپەئەتلىك بەلگىلىمىلەر ئاساسىدا ئۆزى توغرا تاپقان ئىشلارنى بەرپا قىلىشقا ھەقلىق. خۇددى ھەزرىتى ئۆمەر دۆلەت تۈزۈملىرى مەسىلىسىدە، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى قۇرئاننى توپلاشتا، ھەزرىتى ئوسمان ئۇنى كۆچۈرۈشتە قىلغان ئىشلارغا ئوخشاش.

**8.** ئۇممەت ئالىملىرىنىڭ ۋە چوڭ رەھبەرلەرنىڭ بەزى ئەھۋاللاردا بىر خىل پىكىردە بولماسلىقى تەبىئىي بىر ئىش. لېكىن بۇ ئوخشاشماسلىقلار پەقەت قېرىنداشلىق ۋە بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈش ۋە ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتى توغرىسىدا تەكشۈرۈش سايىسىدا بولغان. دېمەك، ئەقىللەرنىڭ پەرقلىق بولۇشى، پىكىرلەرنىڭ ۋە نەزەر قىلىش تەرەپلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. خۇددى يەنى سايىت سەيناسىدا مۇرتەدلەر بىلەن ئۇرۇشۇش ھەققىدە ۋە قۇرئاننى توپلاش توغرىسىدا ھاسىل بولغان ئەھۋاللارغا ئوخشاش بۇنداق ئەھۋال ئۇممەتنى پارچىلاشقا، تالاش ـ تارتىشقا ئېلىپ بارماسلىقى لازىم. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا بۇنداق ئىشلار چارىسىز ھالدا زەئىپلىككە تارتىپ ئاپىرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ھاكىم ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بولۇش لازىم.

**9.** ئىسلام دۆلىتى جىسمىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان يات جىسىملارنىڭ ۋە مەخپىي قوللارنىڭ مەۋجۇتلىقى ھەم تەبىئىي بىر ئىش. چۈنكى ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىمۇ مۇناپىقلار بار ئىدى. شۇنىڭدەك خەلىپىلەرنىڭ زامانىسىدىمۇ بار ئىدى. ھەمدە پىتنە ـ پاسات قىلغۇچىلار، ئىسلامغا ئاداۋەت قىلغۇچىلار ۋە شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەيدىغانلارمۇ

مەۋجۇت ئىدى. لېكىن ئۇممەتنىڭ سالىھ مۇئمىنلىرى بىلەن ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئېنىق ئايرىش لازىم.

**10.** ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە يۈز بەرگەن پىتنە، يەنى ئىچكى بۆلۈنۈش ھەقىقەتەن ئاشۇنداق نىجىس ئۇسۇللار بىلەن ئىسلامنىڭ مۇستەھكەم تۈتقۇسىنى بۇزۇشنى ۋە ئىسلام دۆلىتىنى يىقىتىشنى مەقسەت قىلغان ئابدۇللا ئىبنى سابائ ۋە ئۇنىڭ گۇرۇھلىرى بولغان سەبەبىيلارنىڭ مەخپىي قولى بارلىقى سەۋەبىدىن بولغان.

**11.** بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئەمىلىيەتلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ھېچبىرسىنىڭ ھەزرىتى ئوسماننىڭ دەۋرىدىكى پىتنە مەسىلىسىدە مەيلى يېقىندىن، مەيلى يىراقتىن قولى يوقلىقى (يەنى قول تىقمىغانلىقى)، بەلكى ئەكسىچە شۇ چاغدىكى ئەھۋاللارنى تىنچلاندۇرۇش ۋە ھەزرىتى ئوسماننى قوغداشقا كۈچىنىڭ يېتىشىچە چارە قوللانغانلىقى ئىسپاتلاندى.

**12.** ھەزرىتى ئەلى بىلەن ئائىشە، تەلھە، زۇبەير (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) لارنىڭ پىكىردە بىرلىككە كىلەلمەسلىكى قوزغىلاڭچىلارنى جازالاش ياكى جازالىماسلىق توغرىسىدا بولغان ئەمەس، پەقەتلا جازالاشنىڭ ۋاقتى ۋە كەيپىيىتى ھەققىدە بولغان. بۇ ئىشتا ھەزرىتى ئەلى قوزغىلاڭچىلار كۈچلۈك ھالدا بولغىنى ئۈچۈن ئىچ پۇشۇق تەكرارلىنىپ قالماسلىقنى نەزەردە تۇتۇپ جازالاشنى كېچىكتۈرۈشنى توغرا تاپقان ئىدى. يەنە بىر بۆلۈكلەر بۇ ئىشنى دەرھال ئىجرا قىلىشنى توغرا تاپقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى راستىنى تېپىش ئۈچۈن تىرىشقۇچى مۇجتەھىددۇر. مۇجتەھىد دېگەن ھەر قانداق ئەھۋالدا ئەجىر بىرىلگۈچىدۇر.

**13.** پىتنە ھادىسىلىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار بولسا ئىسلام تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ چىگىشراقىدۇر. شۇ سەۋەبتىن غەيرى دىندىكى ئىسلامنى تەكشۈرگۈچى شەرقشۇناسلارغا ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا قارىتا تەنە قىلىشقا كەڭ مەيدان ھاسىل بولدى ــ دە ئۇلار مۇشۇ ئۇممەتنىڭ ئۇلۇغ رەھبەرلىرىنىڭ ئوبرازىنى قەبىھلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى نىشانىنى ئەمىلىيەتكە چىقىرىدىغان، ھىيلە ــ

مىكىرلەرنى رىۋايەت ئارىلىقلىرىدىن توقۇپ چىقىش ئۈچۈن ئاجىز، يالغان رىۋايەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقتى.

**14.** مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ رەھبەرلىرىگە، ئۇلارنىڭ ئىماملىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئالىملىرىغا سۇيىقەست قىلىش پەسكەش ۋە قورقۇنچاقلارنىڭ ئۇسۇلىدۇركى، مۇناداق ئىشقا پەقەت ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئىسلامنى ئەتراپقا تاراتقۇچى دائىيلار (يەنى چاقىرغۇچىلار)نىڭ تىللىرىنى دەۋەتتىن توختىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىغا يۇگەن سېلىش ئۈچۈن، نەتىجىدە ئۆزلىرىگە پۇرسەت كىلىپ ئۇندىن كېيىن زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن قەدەم باسىدۇ. ھەزرىتى ئۇمەرنىڭ، ئۇندىن كېيىن ھەزرىتى ئوسماننىڭ، ئۇندىن كېيىن ھەزرىتى ئەلىنىڭ (ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئاللاھ رازى بولسۇن) سۇيىقەستكە ئۇچرىشى ئاشۇ مەقسەتتە بولغان ئىدى.

**15.** ئۆلچەملىك بولمىغان شىجائەتتىنلا كىلىپ چىققان توغرا بولمىغان ئەمەل، ئۇ ئەخلاقى چۇشكۇنلۇك بولۇپ ئىگىسىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بەلكى تېخى پۈتۈن ئۈممەتنى ئاقىۋىتى ياخشى بولمىغان بىر ھالغا ئاپىرىدۇ. خۇددى ئىبادەتخۇر خاۋارىجلارنىڭ ئۆزىگە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى توغرا دەپ قارىغان ۋاقىتتا ھاسىل بولغان ئىشقا ئوخشاش.

**16.** شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئاللاھقا يېقىنلىشىشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل چارىسىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنىڭ تۆكۈلۈشىنى ساقلاپ قېلىش مۇسۇلمانلار ئىمامىغا مۇمكىنچىلىكلا بولسا پەرزدۇر. مانا مۇشۇ ئىسلاھ قىلىش ئەھمىيىتى ئازراق يەنە باشقا مەنپەئەتلەرنى قولدىن چىقىرىپ ئېرىشىش بەدىلىگە بولسىمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى مۇشۇ ھەقتىكى شەرىئەت قائىدىسى ئىككى تۈرلۈك زىياننى يەڭگىللىتىدۇ. ھەم پىتنە ـ پاسات، بۇزغۇنچىلىقلارنى توسۇش، مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئەلا دەيدۇ. مانا بۇ ئەھۋال ئىمام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئاتىسى ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ سۈلھىنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتتىكى مەيداندىن روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەنە شۇ سۈلھى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى تۆكۈلىشى ساقلىنىپ قالدى.

# پايدىلانغان كىتابلار


1.خۇزەرىنىڭ **«الوفاء فۇ طريق الخلفاء»** دېگەن كىتابى.

2. دوكتۇر مۇھەممەد سەييىد زەلجانىل مۇسانىڭ **«اچسن الچديڭ»** دېگەن كىتابى.

3. ئىبنى ھەجەرىل ئەسقالانىنىڭ **«الاپابھ فۇ تمييز الپچابه»** دېگەن كىتابى.

4. ئىبنى خۇتەببەتىل زەينۇرىنىڭ **«الامامه والسياسه»** دېگەن كىتابى.

5. ئىبنى كەسرنىڭ **«الهدايه والنهايه»** دېگەن كىتابى.

6. ئىبنى خەلدۇننىڭ **«تاريخ ابن خلدون»** دېگەن كىتابى.

7. سۇيۇتىنىڭ **«تاريخ الخلفاء»** دېگەن كىتابى.

8. دوكتۇر ئابدۇلئەزىز سالىمنىڭ **«تاريخ الدوله الىربيه»** دېگەن كىتابى.

9. تەبەرىنىڭ **«تاريخ التبرۇ»** دېگەن كىتابى.

10. ئىبنى شەددادنىڭ **«تاريخ المدينه المنوره»** دېگەن كىتابى.

11. مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەدىل ئەنسارى قۇرتەبىينىڭ **«تفسير القرطبۇ، الجامى لاچكام القرژن»** دېگەن كىتابى.

12. ئىبنى ھەجەرىل ئەسقەلانىنىڭ **«تقريب التچزين»** دېگەن كىتابى.

13. ئىبنى ھەجەرىل ئەسقەلانىنىڭ **«الترغيب والتهۇيب»** دېگەن كىتابى.

14. مۇبارەك كورىينىڭ **«جامى الترميۇۇ»**، «تۆھبەتىل ئۇھۇزى»، «بىشەرھىل جامىئۇت تىرمىزى» دېگەن كىتابى.

15. ئەسبەھانىينىڭ «ھەلىيەتۇل ئەۋلىيا ۋەتەبەقاتۇل ئەسفىيا» دېگەن كىتابى.

16. دوكتور يۇسۇف ئەشىنىڭ «ئەلا دەۋلەتۇل ئۇمەۋىييە» دېگەن كىتابى.
17. سۇھەيلىنىڭ «ئەررەۋزەتۇل ئەنتى فى شەرھىس سىيرەتىن نەبەۋىيەتى» دېگەن كىتابى.
18. ئىبنى ھىشامنىڭ «ئەسسىيرەتۇل نەبەۋىيە» دېگەن كىتابى.
19. مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىلنىڭ «سەھىھۇل بۇخارى» دېگەن كىتابى.
20. مۇسلىم ئىبنى ھەجاجىل قەسەرى نىسابۇرىينىڭ «سەھىھۇل مۇسلىم» دېگەن كىتابى.
21. مۇھەممەد ئىبنى سەيىيدىبنى مەنئۇل بەتەرىينىڭ «ئەتتەبەقاتۇل كۇبرا» دېگەن كىتابى.
22. سەيىيدۇل ئەبخانىينىڭ «ئائىشەتۇ ۋە سىياسە» دېگەن كىتابى.
23. مۇستەفا سەبائىنىڭ «ئۇزەمائۇنە فىتتارىخ» دېگەن كىتابى.
24. ئىبنى ئەرەبىنىڭ «ئەلئەۋاسىمۇ مىنەل قاۋاسىم» دېگەن كىتابى.
25. ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىينىڭ «فەتھۇل بارى بىشەرھىل سەھىھۇل بۇخارى» دېگەن كىتابى.
26. سەيىيد ئىبنى ئۇمەرىززەبىينىڭ «ئەلفىتنەتۇ ۋە ۋەقەتۇل جەمەل» دېگەن كىتابى.
27. ئىبنى ھەبەرنىڭ «قابائىرۇز سابى» دېگەن كىتابى.
28. فىرۇس ئەبادىينىڭ «ئەلقامۇسۇ مۇھىد» دېگەن كىتابى.
29. قۇرئان كەرىم.
30. ئىبنى ئەسىرنىڭ «ئەلكامىلۇ فىتتارىخ» دېگەن كىتابى.
31. ئىمامۇ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئەبۇ ئابدۇللا شىبانىينىڭ «كىتابۇ زۇھرى» دېگەن كىتابى.
32. ئەھمەد ئىبنى ئەلىيىبنى تابىتىنىڭ «ئەلشكايەتۇ فىل ئىلمى رەۋايە» دېگەن كىتابى.
33. ئىبنى ھەجەرىل ئەسقالانىينىڭ «ھىسانۇل مىزان» دېگەن كىتابى.
34. ئىمامۇ مۇھەممەد ئىبنۇ ئابدۇلۋەھابنىڭ «مۇقتەسەرۇ سىرەتۇل رەسۇلۇللاھى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم» دېگەن كىتابى.

www.uyghurkitap.com

**35.** دوكتۇر ئەمىن قۇزاتىنىڭ «مەدرىسەتۇل ھەدىس» دېگەن كىتابى.
**36.** «مۇستەتىل ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل» دېگەن كىتاب.
**37.** زەھەبىينىڭ «ئەلمۇغنى فىززۇھەفا» دېگەن كىتابى.
**38.** سەھىستانىينىڭ «ئەلمىنەلۇ ۋەننىھەل» دېگەن كىتابى.
**39.** جەۋرىينىڭ «مەناقىفۇ ئەمىرۇل مۇئمىنىين ئۇمەرۇبنىل خەتتاب» دېگەن كىتابى.
**40.** رەھەبىينىڭ «مىزاتۇل ئېتىدال» دېگەن كىتابى.
**41.** ئىمام ھەسەنۇل بەننانىڭ «نەزەراتۇل فىسسىرەت» دېگەن كىتابى.

تۈگىدى